# شنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى

## 新疆政報

**1996 10**

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمتى بەنگۈڭتىڭى نەشر قلدى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇباڭگو 96 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەسمەكتە.



مۇئاۋىن زۇڭلى ۋۇباڭگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر يەرمەنكىنى كۆزىن كۆچۈرمەكتە.



رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 96 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلماقتا.

دىلشات ھوشۇر فوتوسى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى 1996 - يىل ئۆكتەبىر

ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ
ياخشى ئۇچۇر ۋە تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ


# مۇندەرىجە

## قانۇن - نىزاملار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى .................... (3)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى .................... (8)


## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەتلىرى


ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ 〔1996〕 72 - نومۇرلۇق) .................... (12)

گوۋۇيۈەننىڭ گوۋۇيۈەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ 〔1996〕 79 - نومۇرلۇق) .................... (20)

گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ 〔1996〕 81 - نومۇرلۇق) .................... (23)

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئېپىدېمىيە ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى



ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىنگۇڭتىڭى نەشر قىلىدۇ

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزىدۇ

ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر: ئايۇپ تىيىپ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەنسۇر توختى

مۇھەررىر: ياقۇپجان روزى

ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش
توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 146- نومۇرلۇق) ............... (29)
1996 -/1997 - پاختا يىلىدا «پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش»
قاتارلىق فوندىلارنى يىغىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش
(ش ھ ب 〔1996〕 150 - نومۇرلۇق) ............................... (33)
پاختىدىن چىقىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش -
سېتىشقا دائىر سىياسەتلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 157-
نومۇرلۇق) ............................................ (34)

## ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر ھۆججەتلەر

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى،
ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە» نى تارقىتىش ھەققىدە
ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 135 - نومۇرلۇق) .................... (35)
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيىلىك-مىنېرال بايلىق نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى،
ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە» نى تارقىتىش ھەققىدە
ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 140 - نومۇرلۇق) .................... (40)
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسى-
يىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە» نى تارقىتىش
ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 148 - نومۇرلۇق) ............... (43)

## كادىرلار خىزمىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن
ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرغانلارنىڭ ئىسىملىكى ............................ (47)

## سۈرەتلىك خەۋەرلەر

1996 - يىللىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈش-
لەر ............................................ (مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە)
لى تيېيىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى
............................................ (مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە)

## ئۇقتۇرۇش

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» نىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى
بولۇشقا ئالدىراڭ! ............................ (مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى**

**59 - نومۇرلۇق**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 69 - قېتىملىق دائىمىي كېڭىشى يىغىنىدا 1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلسۇن.

**ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت**

1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، داۋالاش سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، «گوۋۇيۈەننىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» (تۆۋەندە «نىزام» دېيىلىدۇ) ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش، كېسەل داۋالاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك داۋالاش ئاپپاراتلىرى (ھەربىي قىسىم ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدا شىتاتتىن سىرت قۇرۇلغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى باشقۇرۇشقا تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سەھىيە باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ۋە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، ئۆز سىستېمىسىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى شۇ دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى، نازارەتچىلىكى ۋە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئۆز رايونىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش پىلانىنى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئاھالىسى، داۋالاش ئېھتىياجى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، داۋالاش بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ ۋە ئۈنۈمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەكشۈرتكەندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ يولغا قويىدۇ. شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى داۋالاش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىش پىلانىنى سەھىيە تەرەققىياتى پىلانى ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

## 2 - باب تەسىس قىلىشنى تەستىقلاش

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى بېكىتىدۇ.

**6 - ماددا** ئورۇن ۋە شەخسلەر داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا، تەستىقلىتىش ياكى ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىشى كېرەك:

1) كارىۋىتى 300 دىن ئاشىدىغان ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا ۋە كارىۋىتى 100 دىن ئاشىدىغان جۇڭيى دوختۇرخانىسى، مىللىي شىپاخانا، جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن دوختۇرخانا، مەخسۇس بۆلۈم دوختۇرخانىسى، ساناتورىيە، ئاياللار - بالىلار دوختۇرخانىسى، جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى، كېلىنكىلىق تەكشۈرۈش مەركىزى ۋە مەخسۇس بۆلۈم بويىچە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئاپپاراتىنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تەستىقلايدۇ؛

2) كارىۋىتى 50 دىن 299 گىچە بولغان ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا ۋە كارىۋىتى 50 دىن 99 گىچە بولغان جۇڭيى دوختۇرخانىسى، مىللىي شىپاخانا، جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن دوختۇرخانا، مەخسۇس بۆلۈم دوختۇرخانىسى، ساناتورىيە، ئاياللار - بالىلار دوختۇرخانىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تەستىقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛

3) كارىۋىتى 49 دىن تۆۋەن داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى بىر دەرىجە يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ قايتا تەكشۈرۈش پىكرىگە ئاساسەن تەستىقلاپ قارار چىقىرىدۇ؛

4) بىڭتۇەن ئىچكى قىسمىدىكى خادىملار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان داۋالاش ئاپپاراتى ۋە تۇەن - مەيدان دائىرىسىدە داۋالاش

ئاپپاراتى تەسىس قىلسا، بىڭتۇەننىڭ سەھىيە باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەستىقلاپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. بىڭتۇەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەرلەردە جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇلازىمەت قىلىدىغان داۋالاش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلسا بىڭتۇەننىڭ سەھىيە باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ جاينىڭ داۋالاش ئاپپاراتىنى قۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى شۇ دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ؛

5) قىسىملار شتات سىرتىدا داۋالاش ئاپپاراتى تەسىس قىلسا، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سەھىيە مەسئۇل تارمىقى ياكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ سەھىيە مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ؛

6) ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىچكى خادىملار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئامبۇلاتورىيە، داۋالاش ئورنى، سەھىيە پونكىتى، شىپاخانا تەسىس قىلسا، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**7 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تەسىس قىلىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن تارتىپ 30 كۈن ئىچىدە، ئۇنىڭغا قوشۇلغانلىق ياكى قوشۇلمىغانلىق توغرىسىدا يازما تەستىق چىقىرىشى؛ تەستىقلىغانلىرىغا داۋالاش ئاپپاراتى تەستىقنامىسى تارقىتىپ بېرىشى ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم.

يۇقىرى دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئەنگە ئالدۇرۇش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن تارتىپ 30 كۈن ئىچىدە، تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار شەرتلەرگە ۋە شۇ جاينىڭ داۋالاش ئاپپاراتىنى قۇرۇش پىلانىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىنى تۈزىتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

**8 - ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەر «داۋالاش ئاپپاراتى تەستىقنامىسى» نى ئالغاندىن كېيىن، ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ، باشقا رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە بولىدۇ.

**9 - ماددا** «داۋالاش ئاپپاراتى تەستىقنامىسى» سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تارقاتقان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. «تەستىقنامە» نىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى داۋالاش ئورنى ئۈچۈن يېرىم يىل، ئامبۇلاتورىيە ئۈچۈن بىر يىل، دوختۇرخانا ئۈچۈن 2 يىل بولىدۇ. مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە رەسمىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەستىقلانمىغانلارنىڭ تەستىقنامىسى ئۆزلۈكىدىن كۈچتىن قالىدۇ. «داۋالاش ئاپپاراتى تەستىقنامىسى» نىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتىنى ئۇزارتىش ياكى ئۆزگەرتىشتە، ئەسلى تەستىقلىغان ئورگانغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەش كېرەك.

**10 - ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرىگە چۈشىدىغانلارنىڭ داۋالاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

1) داۋالاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىدىغان رايوننىڭ دائىملىق نوپۇسىدا بولمىسا؛

2) يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ساقايمىغانلىقتىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قارىغان بولسا؛

3) تىببىي خادىملار خىزمىتىدىن ھەيدەلگەن ياكى خىزمىتىنى تاشلاپ كەتكىنىگە 5 يىل توشمىغان بولسا؛

4) قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل ياكى ئاساسلىق مەسئۇلنىڭ سالامەتلىكى نورمال داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمىسا؛

5) دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» (تۆۋەندە «تەپسىلىي قائىدە» دېيىلىدۇ) نىڭ 12 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالغا چۈشسە.

**11 - ماددا** ھۆسنىنى تۈزەش بۆلۈمى، ئېغىز بۆلۈمى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمى، جىنسىي كېسەل بۆلۈمى قاتارلىق مەخسۇس بۆلۈملەر ئاساس قىلىنىپ تەسىس قىلىنغان داۋالاش ئاپپاراتلىرى شۇ كەسىپ ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئاساسىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىكى كەسپىي تىببىي خادىملار دۆلەتنىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئېتىراپ قىلغان، كەسپىي ۋىراچ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى ئالغان بولۇشى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تەشكىللىگەن كەسپىي ئىمتىھان ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغان بولۇشى شەرت.

**12 - ماددا** تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىنى ھازىرلىغان شەخسلەر يېزا (بازار)، كەنتلەردە داۋالاش ئورنى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ:

1) دۆلەتنىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئېتىراپ قىلغان ۋىراچ سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە كېلىنىكىلىق داۋالاش بىلەن ئۇدا شۇغۇللانغىنىغا 3 يىلدىن ئاشقانلار؛

2) دۆلەت ئېتىراپ قىلغان ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى سەھىيە مەكتىپى، تىببىي ئىنستىتۇت - مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالغان ھەمدە كېلىنىكىلىق داۋالاش بىلەن ئۇدا شۇغۇللانغىنىغا 5 يىلدىن ئاشقانلار.

شەھەردە داۋالاش ئورنى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان شەخسلەر «تەپسىلىي قائىدە» نىڭ 13 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتلەرنىمۇ ھازىرلىشى كېرەك.

**13 - ماددا** سانىتارلار پونكىتى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان شەخسلەر مەسئۇل سېستىرا سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، كېلىنىكىلىق سانىتارلىق خىزمىتى بىلەن 5 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان بولۇشى؛ ياكى سېستىرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، كېلىنىكىلىق سانىتارلىق خىزمىتى بىلەن 10 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللىنىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېستىرالىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش گۇۋاھنامىسى» ئالغان ۋە رويخەتكە ئالدۇرغان بولۇشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇلازىمەت قىلىدىغان ئامبۇلاتورىيە، داۋالاش ئورنى قاتارلىق تارماق ئاپپاراتلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشتا، مۇستەقىل تەسىس قىلىنىدىغان داۋالاش ئاپپاراتىنى تەستىقلىتىش چارىسى بويىچە، ئالاقىدار سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا بېرىپ، تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك.

ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىچكى خادىملار ئۈچۈن تەسىس قىلغان داۋالاش ئاپپاراتلىرى تەستىق ئارقىلىق جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇلازىمەت قىلسا بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، يېزىلارغا بېرىپ ياكى كوچىلارغا چىقىپ خالىسانە داۋالاش، سەييارە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ، خالىغانچە ئۇياق ـ بۇياققا بېرىپ دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە تىببىي خادىملارنى كېسەل كۆرۈشكە قوبۇل قىلغانلار بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

## 3 ـ باب كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى تىزىملاش

**16 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تىزىملىتىپ، «داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش روخسەتنامىسى» نى تولدۇرۇپ، تەسىس قىلىشنى تەستىقلىغان سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن، «داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» نى ئالغاندىن كېيىن، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىچكى خادىملار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان داۋالاش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشتا، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا بېرىپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، داۋالاش ئاپپاراتىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشى كېرەك. تەكشۈرۈشتە «تەپسىلىي قائىدە» نىڭ 37 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالنىڭ بىرى سېزىلسە، تەكشۈرۈش ۋاقتىنى بىر ئايدىن 6 ئايغىچە كېچىكتۈرسە بولىدۇ؛ كېچىكتۈرۈش ۋاقتى توشقاندا تەكشۈرۈشتىن يەنىلا ئۆتەلمىسە، تىزىملىغان ئورگان ئۇلارنىڭ «داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» نى بىكار قىلىدۇ.

**18 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى داۋالاش پائالىيىتىنى تىزىملاتقان تۈر بويىچە يولغا قويۇشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ئۆزىنىڭ نامى، ئادرېسى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى، ئاساسلىق مەسئۇلى، مۈلۈكچىلىك شەكلى، مۇلازىمەت دائىرىسى، داۋالاش تۈرى، كارىۋات سانى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتىشتە ئۇنى تىزىملاش ئورگىنىغا ئۆزگەرتىپ تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن داۋالاش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرسا، توختىتىپ تۇرغان ياكى توختاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسا (قۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش، كۆچۈرۈش قاتارلىق سەۋەبلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، تىزىملىغان ئورگانغا بېرىپ، روخسەتتىن ئۆچۈرتۈشى كېرەك. تىزىملىغۇچى ئورگان ئۇنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، «داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» يىغىۋېلىنىدۇ.

**21 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى تۆۋەندىكى ناملارنى قوللىنىشنى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

1) «شىنجاڭ»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق»، «شىنجاڭ بويىچە» دەپ ئېلىنسا ياكى ۋىلايەت، ئوبلاست ھالقىغان نامنى قوللانسا؛

2) ئاپتونوم رايونلۇق «مەركىزى» دېگەن سۆزنى ئورتاق نام قىلسا؛

3) ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ «ئوقۇتۇش دوختۇرخانىسى»، «پراكتىكا دوختۇرخانىسى» ياكى «قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا» دېگەن ناملارنى قويسا.

**22 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەسىس قىلغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا مۇناسىپ مەمۇرىي رايون نامى پەرقلەندۈرگۈچى نام قىلىنىشى كېرەك؛ ئورۇن ۋە شەخسلەر تەسىس قىلغان داۋالاش ئاپپاراتىدا شۇنى تەسىس قىلغۇچى ئورۇن ياكى شەخسنىڭ نامى پەرقلەندۈرگۈچى نام قىلىنىشى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزا (بازار) نامى قوللىنىلماسلىقى كېرەك. شەخسلەر تەسىس قىلغان داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ نامىنىڭ كەينىدە «يەككە» دېگەن سۆز يېزىلىشى كېرەك؛ قىسىملارنىڭ شتات سىرتىدىكى داۋالاش ئاپپاراتىدا شۇ قىسىمنىڭ شەرتلىك بەلگىسى، نومۇرىنى قوللىنىشقا ياكى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى»، «جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى» دېگەن سۆزلەرنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. لەۋھە تاختىسى ۋە تامغىسىغا ئارمىيە گېربى، ساقچى گېربىنى ئويۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

## 4 ـ باب كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشقۇرۇش

**23 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەل داۋالاش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تىببىي ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە كاشىلا قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**24 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ داۋالاش سورۇنىنى ئىجارىگە بېرىشكە ياكى داۋالاش بۆلۈم ـ ئىشخانىلىرىنى شەخسلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا ھۆددىگە بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. داۋالاش ئاپپاراتىدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە داۋالاش پراكتىكىسى قىلىشتىن سىرت، بىرلا ۋاقىتتا باشقا داۋالاش ئاپپاراتىدا تەكلىپ بىلەن ئىشلىشىگە ياكى خالىغانچە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**25 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى داۋالاش سورۇنلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئايرىۋېتىش ۋە مىكروبسىز مەشغۇلات باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، داۋالاش جەريانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى ئازايتىشى لازىم. دېزىنفېكسىيە ئۈسكۈنىلىرى ۋە سېستىرادىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان خادىملىرى بولمىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئوكۇل ئۇرۇش كەسپىنى يولغا قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**26 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتلىرى دورا ئىشلىتىشتە، دورا باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىپ، سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

داۋالاش ئاپپاراتلىرى دورىلارنى «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ئىجازەتنامىسى»، «دورا تىجارەت كارخانىسى ئىجازەتنامىسى» ۋە «تىجارەت گۇۋاھنامىسى» تولۇق بولغان ئورۇندىن سېتىۋېلىشى شەرت. داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ دورىلارنى توپ، پارچە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

داۋالاش ئاپپاراتى ئۆزى دورا ياساشتا، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تارقاتقان «دورا ياساش ئىجازەتنامىسى»نى قانۇن بويىچە ئالغان بولۇشى لازىم. ياسىغان دورىسى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

**27 ـ ماددا** تۇرلۇك ئامبۇلاتورىيە، مەخسۇس بۆلۈملۈك داۋالاش ئورنى، شىپاخانا، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى ۋە سەھىيە پونكىتى قاتارلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا قوشۇمچە قۇرۇلغان دورىخانا (پوكەي) لاردا تىزىملىغۇچى ئورگان كەسىپ تۈرى دائىرىسىگە مۇناسىپ دورا تۈرلىرىنى بېكىتىپ بېرىشى كېرەك.

**28 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى بىر تۇتاش ياساتقان داۋالاشقا ئائىت ھەر خىل خەت-ئالاقە قەغەزلىرىنى ئىشلىتىشى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن داۋالاشنى ھەق ئېلىش تۈرى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشى شەرت. ئاساسلىق ھەق ئېلىش تۈرى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق شەكىلدە ئېلان قىلىش، دورىلارغا ئېنىق باھا يېزىپ قويۇش كېرەك.

تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىنكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، كېسەل ياكى كېسەلنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن پۇل ۋە ماددىي نەرسە تەلەپ قىلىشى، باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكەش ياكى تەكشۈرۈشكە تونۇشتۇرۇشتىن ھەق ئېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. تىببىي خادىملار كېسەلنىڭ شەخسىي سىرىنى ئاشكارىلاشقا يول قويۇلمايدۇ.

**29 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلارغا ياردەم بېرىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش، سەھىيە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، يۇقۇم مەلۇماتى، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى ۋە ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. زور ئاپەت يۈز بېرىش، كېسەل تارقىلىشتەك جىددىي ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ يۆتكىشىگە بويسۇنۇشى شەرت.

**30 ـ ماددا** سالامەتلىك تەكشۈرۈش كەسپىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كۆرسەتكەن داۋالاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاياللار ـ باللار ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى يولغا قويىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى كۆرسەتكەن داۋالاش ئاپپاراتى يېزىپ بەرگەن سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئىسپاتىنى سالامەتلىكنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. كۆرسىتىلمىگەن داۋالاش ئاپپاراتى ۋە «داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى»نى ئالمىغان باشقا ئورۇنلارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈش كەسپىنى يولغا قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**31 ـ ماددا** داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋراچ تەكشۈرمىگەن كېسەللەر ئۈستىدە دىئاگنوزنامە، سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى ياكى ئۆلگەنلىك گۇۋاھنامىسى قاتارلىق تىببىي ئىسپاتلارنى يېزىپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ؛ ئاكۇشېر، ۋراچ (فېلدشېر) بىۋاسىتە تۇغدۇرمىغان بوۋاق ئۈستىدە «تۇغۇلغانلىق توغرىسىدىكى دوختۇر ئىسپاتى»، ياكى ئۆلۈك تۇغۇلغانلىق دوكلاتى يېزىپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. داۋالاش ئاپپاراتلىرى يېزىپ بەرگەن دىئاگنوز ئىسپاتى ۋە باشقا كەسپىي ھۆججەتلەر راست بولۇشى كېرەك.

داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا داۋالاش ھادىسىسى ياكى داۋالاش ماجىراسى يۈز بەرسە، شۇ جايدىكى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى ھەمدە نەق مەيداندىكى نەرسىلەرنى پېچەتلەش، ساقلاش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىشى لازىم.

**32 ـ ماددا** تىببىي تېخنىكا ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئايرىش مەنئى قىلىنىدۇ. پەن تەتقىقاتى ياكى باشقا ئىرسىيەتلىك كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ئالاقىدار سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەستىقلىتىش كېرەك.

سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ياكى ئىچكى ئەزالارنى يۆتكەش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى تەستىقلايدۇ.

**33 ـ ماددا** داۋالاش ئېلانى چىقىرىش، تارقىتىش، چاپلاش ئىشلىرىنى «ئېلان قانۇنى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش ئېلانلىرىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا تەكشۈرتۈپ، «داۋالاش ئېلانىنى تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسى» ئېلىپ ھەمدە داۋالاش ئېلانى تارقىتىلىدىغان جايدىكى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ ئاندىن چىقىرىشقا بولىدۇ.

34 ـ ماددا دائۋالاش ئاپپاراتلىرىدا دەۋرلىك باھالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باھالاش كومىتېتى تەشكىللەپ، دۆلەت بەلگىلىگەن باھالاش چارىسى ۋە ئۆلچىمى بويىچە دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، مۇلازىمەت سۈپىتى، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ باھالايدۇ.

35 ـ ماددا دائۋالاش ئاپپاراتلىرى ئاپپارات تەسىس قىلىشنى تەستىقلاش، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى تىزىملاش، تەكشۈرۈپ باھالاش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغاندا ھەق تاپشۇرۇشى كېرەك؛ دائۋالاش ئاپپاراتلىرى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇشى لازىم. كونكرېت ھەق ئېلىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق باھا، مالىيە تارماقلىرى بىرلىكتە تۈزۈپ چىقىدۇ.

## 5 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

36 ـ ماددا مۇشۇ چارىنىڭ 14 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تەستىقلىنىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتمەي تۇرۇپ ئامبۇلاتورىيە، دائۋالاش ئورنى قاتارلىق تارماق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلغانلارنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى توختىتىدۇ. قانۇنسىز تاپاۋىتى ۋە دورا ـ سايمانلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قىلمىشىغا قاراپ 500 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

«دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» ئالماي تۇرۇپ خالىغانچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ياكى «دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى»نى ئارىيەت ئالغان، ياسىۋالغان ۋە ياكى خالىغانچە مەمۇرىي رايون ھالقىپ تەسىس قىلىنغان دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ؛ قانۇنسىز تاپاۋىتى ۋە دورا ـ سايمانلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

37 ـ ماددا مۇشۇ چارىنىڭ 15 ـ، 18 ـ، 19 ـ، 27 ـ ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، خالىغانچە سەييارە دوختۇرلۇق قىلغان، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى تېببىي خادىملارنى كېسەل داۋالاشقا خالىغانچە قوبۇل قىلغان، تىزىملاتقان ئىش ئورۇنلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەن، ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ دائۋالاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېسەل داۋالاش نامى بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ دورا ساتقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى ئاگاھلاندۇرىدۇ، سۈرۈك بەلگىلەپ تۈزەتكۈزىدۇ، قوشۇمچە قىلمىشىغا قاراپ 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ «دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» بىكار قىلىنىدۇ.

38 ـ ماددا مۇشۇ چارىنىڭ 26 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش چارىسى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالايدۇ.

دائۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ئېلان تىجارىتى ئورۇنلىرىدىن دائۋالاش ھەققىدە تەستىقلاتماي تۇرۇپ ئېلان چىقارغانلارنى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى بىلەن سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

39 ـ ماددا مۇشۇ چارىنىڭ 32 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئېنىقلاش ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش، ئىچكى ئەزالارنى يۆتكەش ئىشلىرى بىلەن خالىغانچە شۇغۇللانغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى مۇشۇ چارىنىڭ 37 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بارلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايىي جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

40 ـ ماددا مۇشۇ چارىگە خىلاپ باشقا قىلمىشلار ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ.

41 ـ ماددا ئالاقىدار كىشى مەمۇرىي جازا قارارىغا نارازى بولسا، جازالاش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، مەمۇرىي جازا قارارىنى چىقارغان ئورگاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار كىشى سۈرۈك ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئادا قىلمىسا، جازا قارارى چىقارغان مەمۇرىي ئورگان قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

## 6 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

42 ـ ماددا مۇشۇ چارە يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن تەستىق ئارقىلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان دائۋالاش ئاپپاراتلىرى مۇشۇ چارە تارقىتىلغان كۈندىن باشلاپ 6 ئاي ئىچىدە، مۇشۇ چارىدە بەلگىلەنگەن تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، مۇناسىپ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىغا بېرىپ تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى تولۇقلىشى كېرەك، شەرتى توشقانلارغا «دائۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى» بېرىلىدۇ.

43 ـ ماددا بۇ چارىنى كونكرېت تەتبىقلاش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ.

44 ـ ماددا بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككىلەرنىڭ دوختۇرلۇق قىلىشىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى» شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى**

**60 - نومۇرلۇق**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» 1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي كېڭەشىنىڭ 69 - قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلسۇن.

**ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت**

**1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى**

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، «دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋاقىتلىق نىزامى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىغا مۇدىر بۆلۈم ئەزاسىدىن تۆۋەن بولغان، رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىمەيدىغان دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىشتا تەتبىقلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مەمۇرىي فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان باشقا تەشكىلاتلار مۇشۇ چارىدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىدۇ. قانۇن - نىزام، قائىدىلەردە ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**3 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرىنى تاللاش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە، بېكىتىلگەن خادىملار شىتاتى ۋە خادىم كۆپەيتىش پىلانى ئىچىدە، ۋەزىپە ئورنى تەلىپى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش ۋە تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**4 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىشتا، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر، ئاز سانلىق مىللەت ۋە باشقا مىللەت تىل - يېزىقىدا ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

## ئىككىنچى باب قوبۇل قىلىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل ئورگان بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىدۇ:

1) ئالاقىدار قانۇن - نىزام، قائىدە ۋە سىياسەتلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشتا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى تۈزىدۇ؛

2) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ؛

3) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش بويىچە ئىمتىھان ئېلىش ۋە تەستىقلاش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛

4) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى ئالاھىدە ۋەزىپە ئورنىغا دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى لايىھىسىنى تەستىقلايدۇ؛

5) دۆلەت ھاۋالە قىلغان مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش بويىچە ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**6 - ماددا** ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارماقلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشتا ئالاقىدار خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۆزىگە تەۋە رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش يىللىق لايىھىسىنى تۈزىدۇ؛

2) ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لارنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ؛

3) ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە تەستىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛

4) ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ھاۋالە قىلغان باشقا ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**7 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقا خىزمەت تارماقلىرى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە تەلىپى بويىچە، ئۆز تارمىقىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشتا ئالاقىدار خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش بويىچە ئىمتىھان ئېلىش مۇلازىمەت ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق

كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىنىڭ بەزى كونكرېت مەشغۇلات خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى باب قوبۇل قىلىش ئاساسىي تەرتىپى

### 1 - پاراگراف قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزۈش

**9 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشتا، ئىشلەتكۈچى تارماق قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزۈشى كېرەك، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىشلەتكۈچى تارماقنىڭ نامى، شتات مەسئۇل تارمىقى تەستىقلىغان مەمۇرىي شتات سانى، كەم شتات سانى، قوبۇل قىلماقچى بولغان ئومۇمىي ئادەم سانى؛

2) قويماقچى بولغان ۋەزىپە نامى، كەسىپ، ئادەم سانى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيەت شەرتى؛

3) ئىمتىھان ئېلىش ئوبيېكتى، دائىرىسى، ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار.

**10 - ماددا** ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ؛ ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭكىنى شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تەستىقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭكىنى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ.

**11 - ماددا** دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ئالاھىدە خىزمەت ئورنىغا دۆلەت خىزمەتچىسي قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، ئالاھىدە ئىمتىھان ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئىشلەتكۈچى تارماق شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىغا يوللىغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ.

**12 - ماددا** ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئورنىغا دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش لايىھىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ؛ ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭكىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

**13 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىشتە، ئەسلى تەستىقلىغان تارماقنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك.

### 2 - پاراگراف تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋە سالاھىيەت تەكشۈرۈش

**14 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىلىكىگە ئىمتىھان بەرگۈچىلەر تۆۋەندىكى ئاساسىي شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

1) جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولغان، پۇقرالىق سىياسىي ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇش؛

2) 4 ئاساسىي پرىنسىپقا چىڭ تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان بولۇش؛

3) قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، پەزىلەتلىك، ئىستىلى توغرا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىغا ئىگە بولۇش؛

4) تېنى ساغلام، يېشى 35 تىن تۆۋەن بولۇش؛

5) ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىغا ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگە بولۇشى، ئاساسىي قاتلامدا 2 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى (دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم بەلگىلىمىسى بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) كېرەك؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىغا ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن جەنۇب - ياقا، جاپالىق ۋە نامرات رايونلاردىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ۋە قىسمەن ۋەزىپىگە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە قويۇلىدىغان ئوقۇش مەلۇماتى تەلىپىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىشكە بولىدۇ؛

6) ئىمتىھان بەرگەن ۋەزىپىگە تۇشلۇق كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇش؛

7) دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بەلگىلىگەن باشقا شەرتلەر.

ئالاھىدە ۋەزىپە ئورنى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ئالاھىدە ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلار ئالدىنقى تارماقتىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن سىرت، يەنە ئىشلەتكۈچى تارماقتىكى ئالاھىدە ۋەزىپە ئورنى تەلەپ قىلىدىغان شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

**15 - ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 14 - ماددىسىدىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغانلار «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تىزىملىتىش جەدۋىلى» نى تولدۇرغاندىن كېيىن، كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئىمتىھانغا قاتنىشىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

**16 - ماددا** تىزىملاش ۋە سالاھىيەتنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئىشلەتكۈچى تارماق بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەيدۇ.

تىزىملاش ۋە سالاھىيەت تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىمتىھاندىن بىر ئاي بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك.

### 3 - پاراگراف ئىمتىھان

**17 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ھەر يىلى 8 - ئايدا ئېلىنىدۇ.

ئىمتىھاننى ئالدىنغا سۈرۈش، كېچىكتۈرۈش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا، جەمئىيەتكە ئېلان چىقىرىش كېرەك.

**18 - ماددا** ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي بىلىم ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى، شۇنىڭدەك ۋەزىپە ئورنى تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان باشقا كەسپىي سۈپىتى، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۈچۈن، يازما ئىمتىھان ۋە يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**19 - ماددا** يازما ئىمتىھان ئومۇمىي پەن ۋە كەسپىي پەنلەر بويىچە ئېلىنىدۇ، ئومۇمىي پەن ئىمتىھانىدا ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش سوئال چىقىرىدۇ، ئىمتىھان قەغىزىنى بىر تۇتاش تەييارلايدۇ ۋە بىر تۇتاش تەكشۈرىدۇ؛ زۆرۈر تېپىلغاندا سوئال چىقىرىش، ئىمتىھان قەغىزىنى تەييارلاش ۋە تەكشۈرۈشنى كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار ۋىلايەت دەرىجىلىك

كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارماقلىرىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. كەسپىي پەنلەر مەزمۇنىنى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار مەمۇرىي تارماق بىلەن بىرلىكتە بېكىتىدۇ.

**20 - ماددا** ئومۇمىي پەن ئىمتىھانى بىلەن كەسپىي پەنلەر ئىمتىھانىنى تەڭ تەشكىللەشكىمۇ، ئايرىم تەشكىللەشكىمۇ بولىدۇ.

يازما ئىمتىھان شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگۈچىگە قويۇلىدىغان سالاھىيەت شەرتى بويىچە تۈرگە ۋە دەرىجىگە ئايرىپ ئېلىنىدۇ.

**21 - ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋالدىن بىرى كۆرۈلسە، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن ئالاھىدە ئىمتىھان ئېلىشقا بولىدۇ:

1) كەسپىي ئالاھىدە بولۇپ، جەمئىيەتتىن ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمىسە؛

2) ئادەتتىكى ئىمتىھان ئارقىلىق سەۋىيىنى سىناش تەس بولسا؛

3) كەسپىي ئالاھىدە بولۇپ، رىقابەتنى يولغا قويۇش تەس بولسا؛

4) ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى كۆرسەتكەن باشقا ئەھۋاللار بولسا.

**22 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەر يازما ئىمتىھان بەرگەندە، ئىمتىھان سوئالى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا چىقىرىلىدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆز تىل - يېزىقىدا ئەمەس، بەلكى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن باشقا تىل - يېزىقتا ئىمتىھان بەرسە، ئۇلارغا مۇۋاپىق نومۇر قوشۇپ بېرىلىدۇ.

**23 - ماددا** ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ يازما ئىمتىھان نەتىجىسى ئوچۇق ئېلان قىلىنىدۇ. يازما ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە لاياقەتنامە تارقىتىپ بېرىلىدۇ، ئۇلار مەلۇم نىسبەت بويىچە يۈزتۇرانە ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ.

**24 - ماددا** كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل تارمىقى ئىشلەتكۈچى تارماقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ۋەزىپە تەلىپىگە ئاساسەن يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلىنى بېكىتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئىشلەتكۈچى تارماق بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەيدۇ.

## 4 - پاراگراف تەكشۈرۈش

**25 - ماددا** يازما ئىمتىھان ۋە يۈزتۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ سالاھىيىتى قايتا ۋە ئومۇمييۈزلۈك تەكشۈرۈلىدۇ.

**26 - ماددا** تەكشۈرۈش مەزمۇنى تەيىنلەنمەكچى بولغان ۋەزىپە تەلىپىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، ئاساسلىقى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئىپادىسى، ئەخلاق پەزىلىتى، كەسپىي ئىقتىدارى، خىزمەت نەتىجىسى، چەتتىن تۇرۇپ ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ.

**27 - ماددا** تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ ئىسلى خىزمەت ئورنىدىكى ئاممىدىن پىكىر ئېلىش شەكلى ئارقىلىق، تەكشۈرۈشنى ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ۋە ئادىل ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**28 - ماددا** ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشتىكى قايتا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئىشلەتكۈچى تارماق بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەيدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشتىكى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش تەشكىللەيدۇ.

## 5 - پاراگراف سالامەتلىك تەكشۈرۈش

**29 - ماددا** ئىمتىھان ۋە تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغۇچىلار ئىشلەتكۈچى ئورۇن كۆرسەتكەن ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىغا بېرىپ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتىدۇ.

سالامەتلىك تەكشۈرتۈش نەتىجىسى گۇمانلىق بولسا، شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى كۆرسەتكەن باشقا ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىغا بېرىپ قايتا تەكشۈرتسە بولىدۇ، قايتا تەكشۈرتۈش نەتىجىسى شۇ كىشىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ.

**30 - ماددا** سالامەتلىك تەكشۈرتۈش تۈرى بىلەن «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش بويىچە سالامەتلىك تەكشۈرۈش جەدۋىلى»نى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش بېكىتىپ تارقىتىدۇ.

**31 - ماددا** سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ھەققىنى ئىمتىھان بەرگۈچى كۆتۈرىدۇ.

## 6 - پاراگراف قوبۇل قىلىش

**32 - ماددا** ئىشلەتكۈچى تارماق ۋەزىپە تەلىپى، ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، قوبۇل قىلماقچى بولغان خادىملارنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش تارقاتقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش جەدۋىلى»نى تولدۇرۇپ، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ.

**33 - ماددا** ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى قوبۇل قىلماقچى بولغان دۆلەت خىزمەتچىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ؛ ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭكىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ.

**34 - ماددا** قوبۇل قىلىش تەستىقلانغان خادىملارغا تەستىقلىغۇچى تارماقنىڭ قوبۇل قىلىش مەخسۇس تامغىسى بېسىلغان قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

**35 - ماددا** تەستىق ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان دۆلەت خىزمەتچىسىنىڭ ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى لازىم، ئەگەر ئىختىلاپ بولسا، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى كېلىشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**36 - ماددا** يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان دۆلەت خىزمەتچىسى بىر يىل سىنىلىدۇ، سىناق مۇددىتى توشۇپ لاياقەتلىك بولغانلار رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ؛ لاياقەتلىك بولمىغانلارنىڭ قوبۇل قىلىنىش سالاھىيىتىنى ئەسلىدە تەستىقلىغان كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل تارماق ياكى ئىشلەتكۈچى تارماق سىناقتىكى دۆلەت خىزمەتچىسىنى تېگىشلىك تەربىيىلىشى كېرەك.

**37 - ماددا** رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دۆلەت خىزمەتچى-

لىرىدىن ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ باقمىغانلىرىنى ئاساسىي قاتلامدا بىر يىلدىن 2 يىلغىچە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

**38 - ماددا** يازما ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولمىسۇ قوبۇل قىلىنمىغانلارنىڭ كاندىداتلىق سالاھىيىتىنى ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىر يىل ساقلاپ قالىدۇ. كاندىداتلىق سالاھىيىتى كۈچكە ئىگە مەزگىلدە، ئىشلەتكۈچى تارماق دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلماقچى بولسا، مۇشۇ چارىدە بەلگىلەنگەن يۆزتۇرانە ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈش تەرتىپى بويىچە، يازما ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ كاندىداتلىق سالاھىيىتكە ئىگە خادىملارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ئالسا بولىدۇ.

## تۆتىنچى باب ئالاقىدار خىزمەتلەر ۋە نازارەتچىلىك تۈزۈمى

**39 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە، جامائەتكە ئوقتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ياكى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارماقلىرى ئىمتىھان ئېلىش دائىرىسى ۋە ئوبيېكتلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپكە ئاساسەن، تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، شۇ جايدىكى ئاساسلىق گېزىت، تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى لازىم.

**40 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئاپپاراتلاردىكى خادىملاردىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەر بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بارلىرى بۇ خىزمەتتىن چەتنەپ تۇرۇشى كېرەك.

**41 - ماددا** مەمۇرىي تەپتىش تارمىقى شۇ دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى ئالاقىدار تارمىقىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى مەمۇرىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش لايىھىسىنى تۈزىدۇ؛

2) ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

3) تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي تەپتىش تارمىقىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ؛

4) ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى، ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى ۋە ئەرزنى قوبۇل قىلىدۇ؛

5) ئالاقىدار خادىملارنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى داۋامىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**42 - ماددا** كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارماقلىرى دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى، ئاممىنىڭ ۋە ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم.

## بەشىنچى باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**43 - ماددا** شتات چەكلىمىسى، ئېھتىياجلىق ۋەزىپە تەلىپى، بەلگىلەنگەن سالاھىيەت شەرتى ۋە تەرتىپكە ئەمەل قىلماي دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلغانلىق جاۋابكارلىقى ئالاقىدار تارماقتا بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان بىر دەرىجە تۆۋەن كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى قوبۇل قىلىشنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ ياكى ئۇنى قايتىدىن بېجىرىشكە بۇيرۇيدۇ؛ جاۋابكارلىق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىدا بولسا، ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈزىتىدۇ ياكى مەمۇرىي تەپتىش تارمىقى ئۇنى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتكۈزىدۇ.

دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى خادىملىرى بۇ چارىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا، قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ياكى ئىشلەتكۈچى تارماق ئۇنىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىدۇ ياكى تېگىشلىك مەمۇرىي جازا بېرىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**44 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارماقلىرى قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىمتىھان بېرىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ؛ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى قوبۇل قىلىپ بولغانلىرى بولسا، ئىشلەتكۈچى تارماق قوبۇل قىلىنىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

## ئالتىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**45 - ماددا** دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىش خىزمىتى خىراجىتىنىڭ مەنبەسى:

1) شۇ دەرىجىلىك مالىيە پۇل ئاجرىتىدۇ؛

2) ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن ئىمتىھان بېرىش ھەققى ئېلىنىدۇ.

**46 - ماددا** سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ۋە ئىمتىھان بېرىش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بېكىتىلىدۇ.

**47 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، ئېلىم ياكى ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ.

**48 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خىزمەتچىسى قوبۇل قىلىشقا دائىر ئىلگىرىكى بەلگىلىمىلىرى ئىچىدە بۇ چارە بىلەن زىت كېلىدىغانلىرى بولسا، بۇ چارە ئاساس قىلىنىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ 〔1996〕 72 - نومۇرلۇق　　1996 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى قوشۇلدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق. ئۆز جاي، ئۆز تارماقلىرىڭلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە:

ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 مىڭغا يېقىن ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچى، 150 مىڭ ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ. دېمەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، «گوۋۇيۈەن بېنگۈڭتىڭنىڭ ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (〔1995〕 124 - نومۇرلۇق ھۆججەت) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكى پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

**1. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، مۇھىم نۇقتىسى ۋە نىشانى**

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھۆكۈمەت، كارخانا، ئەمگەكچىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاش-

تۇرۇش مۇلازىمەت ۋاستىلىرىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ، كارخانا ئورۇنلاشتۇرۇش، شەخسلەر ئۆزى ئىش تېپىش ۋە جەمئىيەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كارخانىلاردىكى تۇرمۇشتا قىيىنلىشىۋاتقان ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»، دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» دىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار ئومۇمىي تەلەپنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانا ئىسلاھاتىنى چۆرىدەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى ئاساس قىلىپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ۋە كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، ئۆزى ئىش تېپىش قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋەيران بولغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى سىناق قىلىنىۋاتقان كارخانىلار، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىدە ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن كارخانىلار قىسقارتقان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى، بولۇپمۇ ئىشسىز يۈرگىنىگە 6 ئايدىن ئاشقان، ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كارخانىدىكى ئاساسىي تۇرمۇشى 6 ئايدىن ئارتۇق كاپالەتسىز قالغان ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىنىدۇ.

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشانى: 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق شەھەرلەردە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى؛ 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلدى؛ 2000- يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %60 ئەتراپىغا، چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورۇنلىشىش نىسبىتى %80 كە يەتكۈزۈلىدۇ.

**2. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسلىق سىياسەت، تەدبىرلەر**

1) ئىقتىسادنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ چىقىش يولى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى تۇتۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى داۋاملىق تۈردە زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە تەۋە بولمىغان ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كۆپ يوللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كۆپ يوللار بىلەن ئايرىپ چىقىش لازىم. 3 - كەسىپنى پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت يوللىرىنى ئېچىپ، ئىجادىي يوسۇندا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

(1) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت كارخانىلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىپ مۇلازىمەت كارخانىلىرى دېيىلىدۇ) نى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش لازىم. گوۋۇيۈەننىڭ 66 - نومۇرلۇق پەرمانى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «گوۋۇيۈەندىكى 10 مىنىستىرلىك، كومىتېت، ئىدارىنىڭ ‹ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارتۇق خادىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش› نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر» نى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغانلىكى كارخانىلار مۇلازىمەت كارخانىسىنى قۇرۇشى، مۇلازىمەت كارخانىلىرى ئاساسلىقى 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى سانى %30 تىن ئاشىدىغان مۇلازىمەت كارخانىلىرىدىن باشقۇرۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ. مۇلازىمەت كارخانىسى قۇرۇشتا مەبلەغ قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلىپ

ھەقىقەتەن يۆلەشكە ئېھتىياجلىقلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ئىش باشلاش مەبلىغى ياكى تۇراقسىز مەبلەغ سۈپىتىدە مەلۇم ساندا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ، ھەقلىق ئارىيەت بېرىپ تۇرسا بولىدۇ. شەھەر پىلانلاش تارماقلىرى ۋە يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى شەھەر پىلانلاش تەلىپىگە ئاساسەن مۇلازىمەت كارخانىلىرىغا ئالدىن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت سورۇنىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى 3 يىل ئىچىدە يەر ئىشلىتىش ھەققى ئالمايدۇ. مۇلازىمەت كارخانىلىرى ئەسلى ئىشلەتكەن يەرنى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىشلەتسە، يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ھەقسىز ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت دائىرىسىدە، دۆلەت مەخسۇس باشقۇرۇپ مەخسۇس سېتىشنى بەلگىلىگەن ۋە دۆلەت ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويغان ياكى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان تاۋارلاردىن باشقىلىرىنى پارچە سېتىش ۋە توپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش شەرتىدە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى يولغا قويالايدىغان بولۇشنى پرىنسىپ قىلىپ رويخەتكە ئالدۇرۇلىدىغان مەبلەغدە مۇۋاپىق كەڭ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەبلىغى ئەڭ تۆۋەن چەكتىن ئاز بولسىمۇ بولىدۇ، كەم قالغان قىسمى سۇرۇك ئىچىدە تولۇقلاپ بېرىلسە بولىدۇ. يېڭىدىن قۇرۇلغان مۇلازىمەت كارخانىلىرىدىن شۇ يىلى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ سانى شۇ كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى ئومۇمىي سانىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن ئاشقانلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى باج ئورگانلىرىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق 3 يىل كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ باج كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، شۇ يىلى يېڭى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ سانى شۇ كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئاشقانلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى ھازىرقى باج باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بويىچە، باج ئورگانلىرىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن 2 يىلغىچە يېرىم ئېلىنىدۇ. مۇلازىمەت كارخانىسى قۇرغۇچى ئورۇنلار مەبلەغ سېلىش، ئىجارىگە بېرىش، قەرز بېرىش، پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەرنى داۋاملىق قوللىنىپ، دۆلەت مۈلكىدىن پايدىلىنىپ، مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقلىق يۆلەشكە كېرەك. كارخانىلارنىڭ باشقا ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. كارخانىلار ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىرىۋەتسە، مائاش ئومۇمىي سوممىسى كېمەيتىلمەيدۇ، ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇلازىمەت كارخانىسى ۋە باشقا مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرسا، مائاش ئومۇمىي سوممىسى ئايرىم بېكىتىلىدۇ.

(2) ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئۆزى ئىش تېپىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلىدۇ. سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ «ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سۇغۇرتا قوللانمىسى» ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىگەن كارخانا ياكى مەسئۇل تارماقنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ئۇلارغا كوللېكتىپ ئىگىلىكى ياكى يەككە سودا ـ سانائەتچى تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالدىن بېجىرىپ بېرىدۇ ھەمدە 2 يىل ئىچىدە يەككە سودا ـ سانائەتچى باشقۇرۇش ھەققى ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى قۇرغان كوللېكتىپ ياكى يەككە ئىقتىسادىي گەۋدىلەردىن ئىش باشلاشنى تىزىملىتىش ھەققى، ئۆزگەرتىپ تىزىملىتىش ھەققى، يىللىق تەكشۈرۈش ھەققى ۋە مەسلىھەتچىلىك ھەققى ئالمايدۇ؛ شەھەر قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ئالدىن ئورۇن تېپىپ بېرىدۇ، ئالاقىدار قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار 2 يىل ئىچىدە ئورۇن ھەققى ئالمايدۇ. شارائىتى بار جايلار ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشى ئۈچۈن «ئۆزى ئىش تېپىش كوچىسى» نى قۇرۇپ، ئۇلارنى ئورۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ باج تارماقلىرى ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرغان 3 ـ كەسپتىن ياكى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىدا، ئوتتۇرىدا ۋە كەينىدە مۇلازىمەت قىلىش كەسپىدىن باج ئېلىشتا مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت باش باج ئىدارىسىنىڭ «كارخانا تاپاۋەت بېجىغا ئالاقىدار بىر قانچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ([1994] 001 ـ نومۇرلۇق) نى ئىجرا قىلىدۇ؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن تىجارەت كىنىشكىسىغا قاراپ، ئۇلار ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى قالدۇقىنى شەخسكە ياكى تەشكىللىنىپ قۇرغان كارخانىغا ئىش باشلاش مەبلىغى سۈپىتىدە بىرلا قېتىمدا بېرىدۇ؛ كارخانا سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئارتۇق ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تىجارەت كىنىشكىسىغا قاراپ ئورۇنلىنىش پۇلىنى بىرلا قېتىم بېرىدۇ، ئورۇنلىنىش پۇلى پرىنسىپ جەھەتتە شۇ جايدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشىنىڭ 3 ھەسسىسى بويىچە بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتى قانۇن بويىچە بىكار قىلىنىدۇ؛ ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن تەشكىللىنىپ ئىش تېپىش ياكى ئۆزى ئىش تېپىش ئۈچۈن ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ئورۇنلىنىش پۇلى ئالغاندىن كېيىنمۇ ئىش باشلاش مەبلىغى جەھەتتە يەنىلا قىيىنالغانلىرى بولسا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۇلارنىڭ قايتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە كېپىللىك ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىراجىتىنى مۇۋاپىق تۈردە بىرلا قېتىمدا ئارىيەت بەرسە بولىدۇ، لېكىن كۆپ بولغاندىمۇ ھەر بىر ئادەمگە ئارىيەت بېرىدىغان پۇل 20 مىڭ يۈەندىن، قەرز مۇددىتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

(3) ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بازىسىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ئىشسىز ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە كېرەكلىك يەرنى ۋاقىتىنچە مەمۇرىي يول بىلەن بۆلۈپ بەرسە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بازىسىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېرەكلىك مەبلەغنى كۆپ تەرەپ مەبلەغ توپلاش بىلەن ئەمگەك جۇغلانمىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ غەملەش كېرەك، مەبلەغ جەھەتتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىراجىتىدىن مۇۋاپىق ياردەم پۇل ئاجرىتىپ بەرسە بولىدۇ، ياردەم پۇل ھەر بىر ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلسا 500 يۈەن ئۆلچەم بويىچە بېرىلىدۇ. قۇرۇلۇپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بازىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش لازىم، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار، ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرالمايدىغانلىرى بولسا، قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى بازا قاتارىدا يۆلىمەسلىك لازىم. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈنۈمى ياخشى، ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بولغانلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى داۋاملىق تۈردە مەلۇم مەبلەغ سالسا بولىدۇ.

(4) كارخانىلارنىڭ ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ياكى بىرلەشمە تىجارەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە مۇلازىمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىشىگە ھەمدە ئۇلار بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىغا مەدەت بېرىلىدۇ.

(5) كارخانىلار ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىرىشتا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم تىجارەت ئىقتىدارى بولغانلىرىنى ۋە قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تايانچلىرىنى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تۈرلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويۇشقا تاللىسا بولىدۇ.

2) ئەمگەك كۈچى بازىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

(1) جايلار ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشقا تونۇشتۇرۇش ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك. ئۇچۇر يىغىش ۋە ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشقا تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئوبيېكتى قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى شۇ جايدىكى كارخانىلار ۋە مەھەللىلەرنى تەشكىللەپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ يېشى، سالامەتلىك ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى، كەسپ ئارزۇسى، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە خىزمەت تەلەپ قىلىش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلە قاتارلىق كونكرېت ئەھۋاللارنى ئۈيمۇ ئۈي ھەم ئادەم بويىچە ئېنىق ئىگىلەپ، تۈرگە ئايرىپ تىزىملىشى ھەمدە ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشى لازىم. ئىشسىز يۈرگىنىگە 6 ئايدىن ئاشقان، ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشسىز ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى كەسپ يېتەكچىلىكى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، كەسپ ئۇچۇرلىرى ۋە خىزمەت تېپىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى، سىياسىتى، خىزمەت تاللاش قارىشى ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىنىش پىلانى، تەدبىرى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ

ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى كەسىپ ئالماشتۇرۇش بويىچە مەشىق قىلىشقا تەشكىللىشى لازىم. ئىشسىز يۈرگىنىگە 12 ئايدىن ئاشقان، ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولسا، ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى خىزمەت تەلىپى بويىچە يۈزتۇرانە سۆزلىشىش ۋە ئىشلىتىپ كۆرۈشكە تەشكىللەيدۇ، ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى بولىدۇ. يېشى چوڭراق، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ماھارىتى ناچارراق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تولىمۇ قىيىن بولغانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بازىسىغا تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ھەققى ئالمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە سالىھە، كارخانىلار ئەمگەك كۈچى چىقىرىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋاستىچى بولۇشى كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولسا، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۇلارنىڭ شەخسىي ئارخىپىنى ساقلاپ بەرسە، ئۇلارغا ۋەكالىتەن كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بەرسە بولىدۇ. قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئۆزى ئىش تاپقان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئارخىپ ساقلاپ بېرىش ھەققى ئېلىنمايدۇ.

ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پائال ئىشقا تونۇشتۇرۇشى لازىم. ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى يېشى 45 ياشقا توشقان ئەر ياكى 40 ياشقا توشقان ئايال ئىشسىز ئىشچىدىن بىرنى ئادەم ئالغۇچى ئورۇنغا تونۇشتۇرۇپ بەرسە ھەمدە ئادەم ئالغۇچى بىلەن ئىشلىگۈچى بىر يىلدىن ئارتۇق مۇددەتلىك ئەمگەك توختامى تۈزسە، شۇ جايدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن پۇل ئاجرىتىپ ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتىغا 200 يۈەن ئىشقا تونۇشتۇرۇش ھەققى بەرسە بولىدۇ. ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچى ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى تونۇشتۇرغان ئىشنى 2 قېتىم ئورۇنسىز رەت قىلسا، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ئاپپاراتى بېرىلىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلىنى توختىتىدۇ.

(2) كەسىپ ئالماشتۇرۇش، ئىش ئورنىدىن ئالمىشىش بويىچە تەربىيىلەش ئىشىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك. ھازىرقى ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش (كەسىپ ئالماشتۇرۇش) تەربىيىلەش مەركەزلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسىپ، ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم. ئەمگەك تارماقلىرى ئۆتكۈزگەن ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشقان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان تەربىيىلەش ھەققىنىڭ يېرىمى كېمەيتىپ ئېلىنىدۇ، قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنمايدۇ، كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان تەربىيىلەش ھەققى ئۈچۈن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىكى كەسىپ ئالماشتۇرۇش مەشىق ھەققىدىن ياردەم پۇل بېرىشكە بولىدۇ. سالىھە، كارخانىلارنىڭ تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. تەربىيىلەش خىراجىتىنى ئاساسلىقى ئۆزى غەملەيدۇ، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىكى كەسىپ ئالماشتۇرۇش خىراجىتىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىشكە بولىدۇ. «ئاۋۋال تەربىيىلەش، ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «ئاۋۋال تەربىيىلىنىش، ئاندىن ئىشقا چىقىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىلگىرى، ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن ئالمىشىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلىنىشى لازىم. تەربىيىلەش ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولغانلارنى ئالدىن ئىشقا تونۇشتۇرۇش كېرەك. كەسىپ ۋە ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش بازار ئېھتىياجى بويىچە بولىدۇ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمەلىي بولۇش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

(3) ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت كارخانىلىرى، شەھەر - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، يەككە ئەمگەكچىلەرنى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى دائىرىسىگە تېزدىن كىرگۈزۈپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇشۇ كارخانىلارغا بېرىپ ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا

يېتەكامش، مەسلىھەتچىلىك خىزمىتى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىنى يىغىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قۇتقۇزۇش پۇلىنى ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىپ، ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىدىن پايدىلىنىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇش مەشىقى قىلىشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا مەدەت بېرىپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىسىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىشقا تونۇشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەشىقى قىلىش، مۇلازىمەت كارخانىسى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى بىر گەۋدە قىلىپ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

3) ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت ئارقىلىق تەڭشەپ، ئىشسىزلىقنى تىرىشىپ ئازايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش.

(1) يېزا ۋە باشقا ئۆلكە، رايونلارنىڭ ئەمگەك كۈچىنى لايىقىدا تىزگىنلەش كېرەك. يېزا - بازار مۇلازىمەت ئورنى (پونكىتى) نى تېزدىن قۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ «يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىش كىنىشكىسى» تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق، تەرتىپلىك يۆتكىلىشكە يېتەكلەش لازىم. كارخانىلار ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ساھە ياكى ئىش تۈرى دائىرىسىدىلا يېزىدىن ۋە سىرتتىن ئەمگەك كۈچى ئېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار كارخانىلارنىڭ ئالاھىدە ساھە ۋە ئىش تۈرىدىن باشقا ئىشلاردا يېزىدىن ۋە سىرتتىن كەلگەن ئەمگەك كۈچىنى ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يېزىدىن ۋە سىرتتىن ئەمگەك كۈچى ئېلىپ ئىشلەتكەن كارخانىلار بولسا، ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتلىرى جىددىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ۋە كارخانىنىڭ قايتۇرۇۋېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم.

(2) مەسئۇل تارماقلارنىڭ ساھە، كارخانا ئوتتۇرىسىدا ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەڭشەشكە مەدەت بېرىلىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ھەمكارلىشىشى ھەمدە ئۇلارغا مۇناسىپ ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇچۇر جەھەتتە مەسلىھەت بېرىشى لازىم.

(3) كارخانىلارنىڭ خادىملارنى قىسقارتىش كۆلىمى ۋە سۈرئىتىنى تىزگىنلەش كېرەك. خادىملارنى قىسقارتىشنى تەستىقلىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن خادىمنى قىسقارتىشقا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغانلىرى بولسا، «ئەمگەك قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى بىر كارخانىدا بولسا، كارخانا ھەر ئىككىلىسىنى بىرلا ۋاقىتتا قىسقارتسا بولمايدۇ؛ 2 كارخانىدا بولسا، كارخانىلار كېڭىشىپ بىرىنىڭ ئىش ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئومۇمەن شۇ يىلى جەمئىيەتكە چىقىرىۋەتكەن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن كۆپ بولغان كارخانىلار (گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى سىناق كارخانىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ھەر بىر كۆپەيگەن ئادەم ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتىغا 2000 - 3000 يۈەن ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى تاپشۇرىدۇ؛ ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسىنى ئۇدا 3 يىل جەمئىيەتكە چىقىرىۋەتمىگەن كارخانىلار بولسا، كارخانا ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلى تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنىڭ 20 پىرسەنتى شۇ كارخانىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، بۇ مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش، ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(4) يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىلگەن كارخانىلارنىڭ خادىم كۆپەيتىشىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنى سەپلەش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى بىلەن تەڭشىلىدىغان ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتى كۆپىيىدىغان ئادەم سانىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن كەم بولسا بولمايدۇ.

(5) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەلۇم نىسبەتتە قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشكە ئىلھام بېرىلىدۇ. ئومۇمەن كەسپىي ۋە تېخنىكىسى ماس كەلسىلا، يېشى، جىنسى، مەلۇماتى چەكلىمىگە ئۇچرىمىسىمۇ بولىدۇ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشسىز ئىشچىلارنى ئالدىن قوبۇل قىلىش كېرەك. ئىشسىز يۈرگىنىگە 6 ئايدىن ئاشقان ئىشچى - خىزمەتچىنى قوبۇل قىلغان ياكى ئەرلەردىن يېشى 45 ياشقا توشقان، ئاياللاردىن يېشى 40 ياشقا توشقان ئىشسىز ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلار بىلەن بىر يىللىق، 2 يىللىق، 3 يىللىق توختام تۈزگەن ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا ئاپپاراتى قوبۇل قىلىنغان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى قالدۇقىنىڭ 50، 80، 100 پىرسەنتىنى مائاش ياردەم پۇلى قىلىپ بىرلا قېتىمدا بېرىدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىشنى

ئاۋۋال سىناپ كۆرسە بولىدۇ، سىناپ ئىشلىتىش ۋاقتى ئادەتتە 3 ئاي بولىدۇ، سىناپ ئىشلىتىش مەزگىلىدە ئەسلى ئورنى ئۇلار بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئەسلى مائاشى (ئەسلى ئورنى بىلەن سىناپ ئىشلەتكۈچى ئورۇن يېرىمدىن ئۈستىگە ئالىدۇ)نى بېرىۋېرىدۇ. سىناپ ئىشلىتىلگەن ئىشچى لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئەسلى ئورنى بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈلىدۇ، ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن 2 يىلغىچە بولسا، ئەسلى ئورنى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا بەلگىلىمە بويىچە بىرلا قېتىمدا 1000 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى بېرىدۇ، 3 يىلدىن 4 يىلغىچە بولسا 2000 يۈەن، 5 يىلدىن يۇقىرى بولسا 3000 يۈەن، مۇقىم قەرەللىك بولمىسا 5000 يۈەن بېرىدۇ. سىناپ ئىشلىتىلگەن ئىشچى لاياقەتسىز بولسا، ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇشقا بولىدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىدىن بىرنى قوبۇل قىلىپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇق ئەمگەك توختامى تۈزسە، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن 200 يۈەن ياردەم پۇل بەرسە؛ بىر يىلدىن ئارتۇق توختام تۈزگەنلەرگە 300 يۈەن ياردەم پۇل بەرسە بولىدۇ.

(6) سالامەتلىكى ناچار، كەسپىي تېخنىكا ماھارىتى تۆۋەن، پېنسىيىگە چىقىشقا 2 يىلغا يېقىن قالغان ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلى ئېلىش مۇددىتىنى پېنسىيىگە چىقىش يېشى توشقىچە ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

4) ۋەيران بولغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى تۇتۇش.

(1) كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىدا گوۋۇيۇمنىڭ ۋەيران بولغاندىن كېيىن كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىن كىرگەن تاپاۋىتىسى ئالدى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر ئەمەلدە ئاقىدىغان لايىھىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. كارخانىغا مەسئۇل تارماق ئايرىپ چىقىپ تەكشۈرىدىغان ئادەم سانى ئومۇمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك. ۋەيران بولغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئۆزى ئىش تاپقانلىرىغا ئورۇنلىشىش پۇلىنى كارخانا شۇ جاينىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشىنىڭ 3 ھەسسىسى بويىچە بىرلا قېتىمدا بېرىشى لازىم.

(2) «قىيىنچىلىقى ئېغىر دۆلەت كارخانىسى گۇۋاھنامىسى» بار كارخانىلارغا نىسبەتەن قوشۇۋېلىش، بىرلەشتۈرۈش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قايتا تەشكىللەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، كارخانىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنىڭ كىچىك ھېسابات ئورۇنلىرىنى ئايرىپ ياكى سېتىپ، بەن - گورۇپپىلارنى بىرلىك قىلىپ، ھازىرقى زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا ياردەم بەرسە بولىدۇ؛ كارخانا ياكى مەسئۇل تارماقلار ئۆزىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى باشقا ئورۇندا ياكى جەمئىيەتتە كوللېكتىپ مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىسىمۇ بولىدۇ؛ شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەر ئەھۋالغا قاراپ قىسمەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى، ئاددىي قۇرۇلۇشلار ياكى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا بېرىپ، قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى يولغا قويسا بولىدۇ. قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ [1995] 90 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

(3) ۋەيران بولغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن مېيىپ بولۇپ ياكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ بەلگىلەنگەن داۋالاش باھالاش تارماقلىرى تەرىپىدىن ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغانلىقى بېكىتىلگەنلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقسا بولىدۇ، ئۇلارغا ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە پېنسىيە پۇلى بېرىلىدۇ.

5) قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىراجىتىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش فوندىدىن بىر قىسمى ئاجرىتىلىدۇ؛

(2) ھەر دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى شۇ يىلى يىغقان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن ئاجراتقان ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىراجىتى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش مەشىق خىراجىتى؛

(3) پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر

ۋە كارخانىدىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان مۇلازىمەت كارخانىلىرى قاتارلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە بەرگەن قەرز پۇل. قەرز پۇل نورمىسى يىلىغا 10 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى كەسپىي بانكىلارنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ؛

(4) ۋەيران بولغان كارخانىلار مۈلكىنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا بەلگىلىمە بويىچە ئاجراتقان ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالدىن ئىشلىتىلىدۇ.

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىراجىتىنى ھەر دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى باشقۇرىدۇ. ئۇنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى مالىيە تارماقلىرى بىلەن بىرگە ئايرىم تۈزىدۇ. خىراجەت باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، چىقىمنى تەستىقلاش رەسمىيىتىنى چىڭىتىپ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى ۋە تەڭ دەرىجىلىك مالىيە، ئىقتىسادىي تەپتىش تارماقلىرى فوندىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم.

5) قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش.

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك قۇرۇلۇش. شۇڭا، ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تارماقلار، ساھەلەر ۋە كارخانىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا، كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش تېپىش قارىشىنى تىكلەشكە، «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنى ئەتىۋارلايدىغان، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنى ياراتمايدىغان، يەككە ئىگىلىكنى كەمسىتىدىغان» ئىدىيىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، كوللېكتىپ ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىشلەش ۋە ئۆزى ئىش تېپىش ئوخشاشلا شەرەپلىك دېيىدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

## 3. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم

ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كارخانىدىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېرىك پىلانىغا ھەم ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بىر نەپەر ئاساسلىق رەھبەرنى بىۋاسىتە تۇتۇشقا مەسئۇل قىلىپ، نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشسىزلىق نىسبىتىنى تىزگىنلەش ۋە كارخانىدىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم ئاساسى قىلىشى لازىم. جايلار شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى (ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلمىغان جايلاردا ئالاقىدار تارماقلاردىن تەركىب تاپقان قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلسا بولىدۇ) نى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەمگەك تارماقلىرى تەشكىللەش، يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، مالىيە، شەھەر قۇرۇلۇشى، باج، پۇل مۇئامىلە ۋە يەر باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار پائال ماسلىشىپ، مۇشۇ «پىكىر» دە بەلگىلەنگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىگە ئاساسەن، كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئورتاق ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى پىكىرىمىز مۇۋاپىق كۆرۈلسە، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ تارقىتىلسا.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى

1996 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

# گۇۋۇيۇەننىڭ گۇۋۇيۇەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ [1996] 79 ـ نومۇرلۇق

1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«گۇۋۇيۇەننىڭ گۇۋۇيۇەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گ [1996] 8 ـ نومۇرلۇق) (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدۇ) نى سىلەرگە تارقاتتۇق، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

يالغان پۇل يasash، سېتىش ۋە ئىشلىتىش ئېغىر جىنايى قىلمىش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يالغان پۇل دېلوسىنىڭ نىسبىتى يۇقىرى ئۆرلىدى. يالغان پۇلنىڭ پەيدا بولۇشى خەلق پۇلىنىڭ ئىناۋىتىنى بەك چۈشۈرۈۋەتتى، پۇل مۇئامىلىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىغا ئورۇنسىز ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، گۇۋۇيۇەننىڭ «ئۇقتۇرۇشى» دىكى تەلەپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نورمال ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قوغداپ، يالغان پۇل ياساش، سېتىش ۋە ئىشلىتىشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇپ، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىشى لازىم.

# گۇۋۇيۇەننىڭ گۇۋۇيۇەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى

گ [1996] 8 ـ نومۇرلۇق

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، گۇۋۇيۇەننىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

گۇۋۇيۇەن گۇۋۇيۇەننىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ «يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» گە قوشۇلدۇق، ئەمدى ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گۇۋۇيۇەنى

1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

# يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر

گوۋۇيۈەنگە:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا يالغان خەلق پۇلى ياساش، سېتىش (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يالغان پۇل دېيىلىدۇ) جىنايى ھەرىكەتلەر بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1990 - يىلى يالغان پۇلدىن 4272 قېتىم بايقالغان، ئۇنىڭ سوممىسى 13 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، پەقەت 1994 - يىلى 300 نەچچە مىڭ قېتىم يالغان پۇل بايقالغان، بۇنىڭ سوممىسى 130 مىليون يۈەنگە يەتكەن، دېمەك يالغان پۇل دېلوسىنىڭ يۈز بېرىش سانى ۋە پۇل سوممىسى يىلدىن - يىلغا ئۆرلەپ بارغان. تەكشۈرۈپ پاش قىلىنغان يالغان پۇل دېلولىرىنى تەھلىل قىلغاندا، كۆپ قىسمى چېگرا سىرتىدا ياسالغان، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى جىنايەتچىلەر تىل بىرىكتۈرۈشۈپ، چېگرا ئىچىگە ئەكىرىپ، قىلىپ ئېلىپ كىرگەن ئىكەن. ئەمما 1995 - يىلى مەملىكەت ئىچىدىكى جىنايەتچىلەر يالغان پۇل ياساش پەيتقوللادە زور دېلوسىدىن 2 سى بايقالدى. يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1994 - يىل 11 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان «گوۋۇيۈەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى» تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ مەخسۇس تەشكىلىي رەھبەرلىك ئاپپاراتى بار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1995 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى بۇزىدىغان جىنايەتلەرنى جازالاش توغرىسىدىكى قارار» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دېيىلىدۇ) مۇ يالغان پۇل ياساش، سېتىش، ئىشلىتىشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى ئېنىق قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. «قارار» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچى ھەققىدە مۇنۇ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1. ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. جايلار، تارماقلار يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە يۇقىرى ئەھمىيەت بېرىپ، يالغان پۇلنىڭ زىيىنى ۋە يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇشى لازىم. بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇب دېڭىز ياقىسىدىكى يالغان پۇل ئەتكەسچىلىكى ۋە توشۇش ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان رايونلاردا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن يالغان پۇل ياساش، سېتىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

2. تەشكىلىي سىستېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆز جايىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ھەمدە بۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى (بۇ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شۇ جايدىكى شۆبە، تارماق بانكىسى قارمىقىدا بولىدۇ) نى قۇرۇشى، بۇ ئاپپارات ئۆز جايىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى قەرەللىك مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىپ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

3. تارماقلار ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلەش لازىم.

1) ھازىر ئېلىمىزدىكى يالغان پۇللار ئاساسلىقى چېگرا سىرتىدىن كىرىۋاتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك تاموژنىلار چېگرىدىن كىرىدىغان يولۇچىلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، خەلق پۇلىنى چېگرىدىن ئېلىپ كىرىش - چىقىشنى قاتتىق باشقۇرۇپ، يالغان پۇللارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. تاموژنا، چېگرا مۇداپىئەسى قاتارلىق تارماقلار دېڭىز ئۈستىدە ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يالغان پۇللارنى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرىشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈپ زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئۇنى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

2) ج خ تارماقلىرى يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە دەپ قاراپ، رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، بايقالغان يالغان پۇل دېلولىرىنى ۋاقتىدا تۇرغۇزۇپ، كۈچ تەشكىللەپ، رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشى كېرەك. ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) ھالقىغان دېلولاردا، جايلار پائال ماسلىشىپ، دېلولارنىڭ يىپ ئۇچلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تەشكىلاتى، چەت ئەل ساقچى ئاپپاراتلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىنىڭ ساقچى تارماقلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ۋە رايون ھالقىغان يالغان پۇل ياساش، سېتىشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرگە بىرلىكتە زەربە بېرىش ۋە ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

3) سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ئاخبارات، نەشرىيات تارماقلىرى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى»، «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ تەشۋىقات، نەشرىيات بۆلۈملىرى ۋە باشقا تارماقلارغا خەلق پۇلى ۋە دۆلەت زايومىنىڭ نۇسخىسىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گ ب [1994] 51 - نومۇرلۇق) ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسى، ج خ مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ «تەشۋىقات، نەشرىيات بۆلۈملىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلى، دۆلەت زايومىنىڭ نۇسخىسىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ب [1991] 71 - نومۇرلۇق) دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، نەشرىياتچىلىق، باسمىچىلىق كارخانىلىرى ۋە كۆپەيتىپ بېسىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. تەستىقلانماي تۇرۇپ پۇل نۇسخىلىرىنى قانۇنسىز باسقان، كۆپەيتىپ باسقان، نەشر قىلغان ئورۇنلارنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالىشى، قىلمىشى ئېغىر بولسا ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك.

4) ئەدلىيە تارماقلىرى يالغان پۇل ساتقان، توشىغان، تارقاتقانلارنى ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، قاتتىق زەربە بېرىشى لازىم. ئاشكارا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان يالغان پۇل دېلولىرىنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئاللاپ ئاشكارا خەۋەر قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى چۆچىتىپ، ئاممىنى تەربىيىلەش كېرەك.

5) جۇڭگو خەلق بانكىسى تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى؛ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خادىملىرىنى تېخنىكا ماھارەت بويىچە ئوبدان تەربىيىلىشى لازىم. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پوكەيدىكى 1 - سەپ خادىملىرىنىڭ يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولغان قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يالغان پۇلنى ۋاقتىدا بايقاپ قايتۇرۇۋېلىپ، يالغان پۇلنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن چىقماسلىقىغا ۋە كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. 50 يۈەنلىكتىن چوڭ پۇلنى ئېلىشتا، قول ۋە ئەسۋاب بىلەن تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش، يالغان پۇل بايقالسا، بەلگىلىمە بويىچە بىردەك مۇسادىرە قىلىش لازىم.

4. تەشۋىق ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، خەلق پۇلىغا دائىر ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

1) ئالاقىدار تارماقلار تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقىتىش، كۆرگەزمە ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خەلق پۇلىغا دائىر ئاساسىي ساۋاتلارنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق پۇلىنى ئاسراشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈكسەكلىكىدە تونۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە خەلق پۇلىنى ئاسرايدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. تەشۋىقات خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇشى، تۈزۈملەشتۈرۈشى، ھەم خەلق پۇلىغا ئائىت ئاساسىي ساۋاتلارنى تەشۋىق قىلىشى، ھەم يالغان پۇلنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ۋە گۇمانلىق، يالغان پۇلنى بايقىغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

2) قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى»، «قارار» ۋە «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دۆلەت پۇلىنى دوراپ ياساش، توشۇش ۋە يالغان پۇل ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا كونكرېت تەتبىقلىنىدىغان قانۇنغا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلىگە ئىزاھات» ىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. 1996 - يىلىدىن باشلاپ، گوۋۇيۈەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى ھەر يىلى مەملىكەت مىقياسىدا بىر قېتىم «يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى تەشكىللەيدۇ، كونكرېت خىزمەتلەرنى جايلاردىكى يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى مەسئۇل بولۇپ ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

5. يالغان خەلق پۇلىنى پەرق ئېتىش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى دۆلەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى بىلەن بىرلىكتە سىستېما بويىچە باشقۇرىدۇ. يالغان خەلق پۇلىنى پەرق ئېتىش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھازىرقى زاۋۇتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىپ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلىرىغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە نەق پۇلنى كۆپ ئالىدىغان ئورۇنلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن يالغان پۇلنى پەرق ئېتىش ئەسۋابلىرىنى سەپلىشى لازىم.

يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە كېرەكلىك خىراجەتنى خەلق بانكىسىنىڭ كەسپىي چىقىم تۈرى «پۇل تارقىتىش خىراجىتى» دىن چىقىم قىلىپ، خەلق پۇلىنى ئاسراش ۋە يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى، كەسپىي تايانچلارنى تەربىيىلەش، يالغان پۇلنى پەرق ئېتىش ئەسۋابى سېتىۋېلىش ۋە يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش مۇكاپات خىراجەتلىرىگە چىقىم قىلسا ھەمدە يىل ئاخىرىدىكى راسچوتتا مەخسۇس تۈر بويىچە ئىزاھات بەرسە بولىدۇ.

بۇ پىكرىمىز مۇۋاپىق بولسا، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ بېرىلسە.

گوۋۇيۈەن يالغان پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى
1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ 〔1996〕 81 ـ نومۇرلۇق                    1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى سىلەرگە تارقاتتۇق ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇ بويىچە بىرگە ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

1. شەھەر پىلانلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، شەھەر پىلانلاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.

شەھەر پىلانى شەھەرلەرنى مۇۋاپىق قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە ۋاسىتىسى بولۇپ، شەھەر مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا ئۇنى يەنىمۇ كۈچەيتىش زۆرۈر. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، شەھەر پىلانلاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، شەھەر پىلانلاش خىزمىتىگە كاشىلا قىلىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى قەتئىي تۈگىتىپ، شەھەر پىلانىنىڭ قەتئىيلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغدىشى كېرەك. شەھەر قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ، يېقىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش بىلەن كەلگۈسى ئومۇمىي پىلانىنىڭ، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ، شەھەر تەرەققىياتى بىلەن مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاشنىڭ، شەھەر بىلەن ئەتراپىدىكى رايونلارنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، شەھەر پىلانىنىڭ شەھەر زېمىنى ۋە بوشلۇق بايلىقىغا بولغان تەڭشەش - تىزگىنلەش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، شەھەرنىڭ رايون ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كۆپ خىل ئىقتىدارىنى ۋە مەركەزلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شەھەر ۋە كەنت - بازار پىلانىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارمىقى بولۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى زور. جايلار ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، شەھەر پىلانلاشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پىلان باشقۇرۇش قوشۇنىنى تولۇقلاپ، پىلانلاش خىراجىتىنى مالىيە خىرى چوتىغا كىرگۈزۈپ، پىلان بويىچە باشقۇرۇش ۋە پىلان تۈزۈش خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

2. شەھەر پىلانىنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشى كېرەك، پىلان باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىشكە ياكى تارقاقلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

جايلار «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، «پىلان خەرىتىسى بىر بولۇش، ئەستىق بىر بولۇش، قۇرۇلۇش بىر تۇتاش بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپ بويىچە، مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن پىلان بويىچە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشى كېرەك. پىلانىنى باشقۇرۇش ۋە تەستىقلاش ھوقۇقى، بولۇپمۇ ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنىڭ پىلانىنى تەستىقلاش ھوقۇقى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك، ئۇنى تارقاقلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ھوقۇقنى قالايمىقان

تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. شەھەر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن رايون دائىرىسىدىكى بارلىق ئورۇنلار (بىڭتۈەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئائىلىلەر ھەر قانداق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا شەھەرنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك، ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. شەھەر پىلانىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

تۈرلۈك تەرەققىيات رايونلىرى (ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى، چېگرا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، سانائەت رايونى، باجدىن خالىي رايون، ساياھەت - دەم ئېلىش رايونى، خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىيات رايونى قاتارلىقلار)، شەھەرنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىدىكى ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەر ئىشلىتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى شەھەر پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى، شەھەرنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاپ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك، ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈشكە، بىكىنمە شەكىلدىكى پىلانلاش، قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىسىز قۇرۇلغان ھەر خىل تەرەققىيات رايونلىرىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. شەھەر پىلانىغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بېرىلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

پىلانلاش - باشقۇرۇش خىزمىتىدە «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن «بىر پىكىرنامە، 2 ئىجازەتنامە» (ئورۇن تاللاش پىكىرنامىسى، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش پىلانى ئىجازەتنامىسى، قۇرۇلۇش پىلانى ئىجازەتنامىسى) بېرىش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. پىلان بويىچە باشقۇرۇشتا قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش تەرتىپىنى ئورنىتىش كېرەك. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ شەھەر پىلانلاش - باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ۋە تارقاقلاشتۇرۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغان يەر كۆلىمىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش قىلمىشلىرىنى جايلار تېزدىن تۈزىتىپ شەھەر پىلانلاش - باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئىزچىل شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولۇشىغا، شەھەر پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

3. شەھەر پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ چىقىپ شەھەر كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، پىلاننى تەستىقلاش تەرتىپىنى چىڭىتىش كېرەك.

شەھەر پىلانلاش خىزمىتىدە يەر ۋە بوشلۇق بايلىقىنى تېجەش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىشتەك ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىشى كېرەك. ئومۇمىي پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا شەھەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى بەلگىلەپ چىقىش كېرەك. ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن ھالدا شەھەر كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، شەھەر جازىسىنى چوڭايتىۋېتىش، قالايمىقان يەر ئىگىلەشتىن ساقلىنىش، ھەم كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ، ھازىرقى ھالىتىگە يول قويۇپ، سىجىللىقى يۇقىرى، سېلىقى ئارتۇق ھالدا يەرنى ئېچىپ ئىشلىتىپ، شەھەر مۇھىتى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شەھەرنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پىلانلاش، لايىھىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش پىلانىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى تەپسىلىي پىلاننى تۈزۈپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇپ، شەھەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە يانداشما قۇرۇلۇشىغا ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. تەستىقتىن ئۆتكەن پىلاننى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن پىلاننى

ئۆزگەرتىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

گوۋۇيۈەننىڭ «ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ روھىغا ئاساسەن «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەر پىلانلاش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق شەھەرلەر، مەمۇرىي بازارلار، بازارلار، دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈمەن - مەيدانلىرى ۋە مۇستەقىل سانائەت، كان رايونلىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشى لازىم. غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 500 مىڭدىن ئاشقان چوڭ شەھەرلەرنىڭ شەھەر ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ؛ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 500 مىڭدىن تۆۋەن بولغان شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە نوپۇس كۆلىمى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىگە يوللاپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق بازارلارنىڭ شەھەر ئومۇمىي پىلانىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ باشقا مەمۇرىي بازارلار، بازارلار، دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈمەن - مەيدانلىرى ۋە مۇستەقىل سانائەت، كان رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى (مەمۇرىي مەھكىمىلەر) تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا ئاۋۋال قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە نوپۇس كۆلىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللايدۇ. جايلار ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ بېكىتىلگەن شەھەر ئومۇمىي پىلانى تەستىقلىنىشتىن ئىلگىرى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان شەھەر ئومۇمىي پىلانىدا بەلگىلەنگەن قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە نوپۇس كۆلىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

4. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشىنى پىلان بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

جايلار دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشىنى پىلان بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەردىكى يەرلەردىن ئىلمىي، مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يەرنىڭ ئومۇمىي تەمىنلىنىش مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە «شەھەرلەردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشىنى پىلان بويىچە باشقۇرۇش چارىسى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى باش بولۇپ، يەر باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، شەھەر ئومۇمىي پىلانى ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يىللىق يەر تەمىنلەش پىلانىنى تۈزۈپ، يەر تەمىنلىنىدىغان ئومۇمىي يەر مىقدارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، شەھەرلەر شەھەر ئومۇمىي پىلانىدىكى يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش تەلىپىگە ئاساسەن، شۇ يىللىق يەردىن پايدىلىنىش كۆلىمى ۋە قەدەم - باسقۇچىنى بېكىتىپ، پايدىلىنىدىغان يەرنىڭ تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. سېتىلىدىغان يەر شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويغان پىلان لايىھىسىدىكى شەرتكە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە يەرنىڭ قوشۇمچە خەرىتىسى بولۇشى كېرەك.

5. قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ يەر ئىشلىتىش ۋە قانۇنغا خىلاپ قۇرۇلۇش قىلىشنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئەدلىيە، ج خ ۋە يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، شەھەر بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، شەھەر مۇھىتىنى بۇلغايدىغان، شەھەر قاتنىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قەتئىي چېقىپ ئېلىپ تاشلىشى؛ ئىگىلىۋېلىنىپ ئىشلىتىلمىگەن، كۆپ ئىگىلىۋېلىنىپ ئاز ئىشلىتىلگەن، ئۇزۇن مەزگىل بىكار تۇرۇپ قالغان يەرلەردىن قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي قايتۇرۇۋېلىشى، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» غا خىلاپ بەزى چوڭ ئەنزىلەرنى ئاشكارا بىر تەرەپ قىلىپ، بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار خادىملار ۋە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. شەھەرلەردىكى سىرتقا چىقىش ئېغىزلىرى، شەھەر بىلەن يېزىلار تۇتىشىدىغان قىسمى، شەھەرنىڭ كۆكەرتىش مەيدانلىرى ۋە شەھەر-

نىڭ يېقىنقى مەزگىللىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
يەرلەرنى قاتتىق تىزگىنلەپ، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتى-
سادىي جەھەتتىن تېز ۋە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا
كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىن، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ
ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، يىلدا
بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى
قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. جايلار يۇقىرىدا
ئېيتىلغان تەلەپكە ئاساسەن، ئۆز - ئۆزىنى ئەستايىدىل
تەكشۈرۈشى لازىم، شۇ ئاساستا ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش
نازارىتى مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار
بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ
ئارىلاپ تەكشۈرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون ئىلگىرى تارقاتقان ھۆججەتلەردە بۇ
ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بىلەن ماس كەلمەيدىغان يەرلىرى بول-
سا، مۇشۇ ئۇقتۇرۇش ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

# گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

**گ 〔1996〕 18 ـ نومۇرلۇق**

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شە-
ھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك،
كومىتېتلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش
قانۇنى» (تۆۋەندە «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» دەپ قىسقار-
تىلدى) ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شەھەر
پىلانلاش خىزمىتى قانۇنچىلىق ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى.
لېكىن بەزى جايلاردا قانۇن تورۇقلۇق ئۆزىنىڭغا ئاسلانما-
لىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، شەھەر پىلانىنى
خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، شەھەر كۆلىمىنى قارىغۇلارچە كېڭەي-
تىش، ئۆز ئالدىغا تەرەققىيات رايونى، خېرىدار چاقىرىش
رايونى تەسىس قىلىش، پىلانلاش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى
تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىشتەك مەسىلىلەر بىر قەدەر گەۋدىلىك
بولماقتا. بۇ ھال پىلان بويىچە جايلاشتۇرۇشقا ۋە مۇھىتقا
بۇزغۇنچىلىق سېلىپلا قالماي، بەلكى شەھەر پىلانىنىڭ تەڭ-
شەش، تىزگىنلەش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، قىممەتلىك يەر
بايلىقى ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ، ناتوغرا ئىستىللارنىڭ
ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇڭا، شەھەر پىلانلاش
خىزمىتىنى جەزمەن يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. بۇ خىزمەتكە
ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرىمىز:

**1. شەھەر پىلانلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تو-
نۇپ، شەھەر پىلانلاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى
كۈچەيتىش لازىم.**

شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىقتىساد ۋە جەم-
ئىيەتنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋىتى زور.
شەھەر ئومۇمىي پىلانى شەھەرنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقا، شەھەر قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە شەھەر
باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە ۋاسىتىسى. شۇڭا، شەھەر
پىلانلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. شەھەر قۇرۇ-
لۇشى ۋە تەرەققىياتىدا تەستىقلانغان شەھەر ئومۇمىي پىلانىغا
قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تەدرىجىي
يولغا قويۇش كېرەك، شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى قىسمەن
تەڭشەش ياكى زور ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، قانۇن بويىچە
ئەسلى تەستىقلىغان ئورگانغا ئىنىكە ئالدۇرۇش ياكى تەستىق-
لىتىش شەرت. جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئاسا-
لىق رەھبەرلەر شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى
تولۇق تونۇپ، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەھەر پىلانلاش خىزمىتىگە بولغان رەھ-
بەرلىكنى كۈچەيتىپ، شەھەر پىلانىنى باشلامچىلىق بىلەن
ئىجرا قىلىپ، شەھەر پىلانىنىڭ قەتئىيلىكىنى ھەقىقىي قوغ-
دىشى لازىم. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى كۈچىنى مەر-
كەزلەشتۈرۈپ شەھەرنى پىلانلاش، قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش
ئىشلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىق-

نىڭ، يېقىن مەزگىللىك قۇرۇش بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ، شەھەر قۇرۇلۇشى بىلەن ئېرىلغۇ يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مۇھىتنى ئاسراشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، شەھەر ئومۇمىي پىلانىنىڭ شەھەردىكى يەرلەر ۋە بوشلۇقتىكى بايلىقلارنى تەڭشەش، تىزگىنلەش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، شەھەر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. شەھەر پىلانىنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، پىلانلاش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەسلىكى، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن «بىر پىكىرنامە، 2 كىنىشكا» (يەر تاللاش پىكىرنامىسى، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى، قۇرۇلۇشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى) تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، شەھەرنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىنى تەستىقلانغان شەھەر ئومۇمىي پىلانى بويىچە ماس، ساغلام، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش لازىم.

**2. يەرلەرنى ھەقىقىي تېجەپ ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، شەھەر كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم،**

شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شەھەرلەردىكى يەرلەر ۋە بوشلۇقتىكى بايلىقلارنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شەھەر پىلانلاشتا بولۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىيلىق ۋە ستراتېگىيىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەھەر ئۇل ئەسلىھەلىرىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مۇھىت ئۈنۈمىنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش؛ مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈپ، رىياللىق ۋە مۇمكىنچىلىككە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يەرلەرنى، بوشلۇقتىكى بايلىقلارنى تېجەش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش دۆلىتىمىز شەھەر پىلانلاش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، بۇنى شەھەر پىلانلاش، قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا باشتىن ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. جايلار ئېلىپ بېرىۋاتقان شەھەر ئومۇمىي پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىدە «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار، شۇنىڭدەك دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى ئاساس قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز، ئېرىلغۇ يېرى تېخىمۇ ئاز بولۇشتەك ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، شەھەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات نىشانى، يۆنىلىشى ۋە كۆلىمىنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇۋاپىق بېكىتىشى لازىم. چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلىش، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنى بويىچە، چوڭ شەھەرلەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش يېرى ۋە ئاھالە كۆلىمىنى 2000 - يىلغا بارغىچە تەستىقلانغان شەھەر ئومۇمىي پىلانىنىڭ يېقىن مەزگىللىك قۇرۇلۇش پىلانىدا بەلگىلەنگەن دائىرىدە كونترول قىلىش كېرەك، كېڭەيتىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليوندىن ئارتۇق شەھەرلەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك يەر كۆلىمىنى پرىنسىپ جەھەتتىن يەنە كېڭەيتىشكە بولمايدۇ.

شەھەر قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش جەھەتتە، ھازىر بار يەرلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ، ئېرىلغۇسىز يەرلەردىن پايدىلىنىش، يەردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شەھەر قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانىنى يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى قاتارلىقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ يەر بايلىقىنى ھەقىقىي قوغداش ۋە تېجەش لازىم. شەھەر ئومۇمىي پىلانىدا باسقۇچقا بۆلۈپ شەھەر ئاھالىسىنى ۋە يەر ئىشلىتىش كۆلىمىنى تىزگىنلەش نىشانىنى بېكىتىپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، پىلانلاش - لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇش باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانىنى ئوبدان تۈزۈپ، تىزگىنلەش خاراكتېرىنى ئالغان تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ، شەھەر دائىرىسىگە كىرىدىغان جايلاردىكى تۈرلۈك تەرەققىيات رايونلىرىنى پىلانلاش ۋە قۇرۇشنى شەھەرنىڭ بىر تۇتاش ئومۇمىي پىلانى ۋە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش لازىم.

شەھەر پىلانلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە

ئاساسەن، گوۋۇيۈەن مۇنداق بەلگىلىدى: غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 500 مىڭدىن يۇقىرى چوڭ شەھەرلەرنىڭ شەھەر ئومۇمىي پىلانىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاراپ چىقىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىدۇ؛ جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى باشقا شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تەستىقلاشتا، شەھەر تۈزۈلمىسى تەسىس قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە ئاھالە كۆلىمىنى ئاۋۋال قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت يەر ئىدارىسى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىشكە يوللايدۇ؛ شتاتلىق بازار ۋە باشقا يېزا بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە ئاھالە كۆلىمىنى ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىلان كومىتېتى، يەر باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىشكە يوللاش كېرەك؛ «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» ۋە بۇ ئۇقتۇرۇشتىكى تەلەپلەر بويىچە ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ يۇقىرىدىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىنى قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ بېكىتىش لازىم. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن شەھەر ئومۇمىي پىلانى تەستىقلىنىشتىن ئىلگىرى، شۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي پىلاندا بەلگىلەنگەن شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە ئاھالە كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**3. قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر ئومۇمىي پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.**

«شەھەر پىلانلاش قانۇنى» شەھەرلەرنى پىلانلاش ۋە قۇرۇشنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدۇر، جايلار، تارماقلار، ئورۇنلار ۋە شەخسلەر شەھەر ئومۇمىي پىلانىدىكى رايون تەقسىماتى، تۈرلۈك پىلانلاش ۋە قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» غا رىئايە قىلىشى شەرت. «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل مەملىكەت بويىچە «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىپ، شەھەر ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئۈزۈكسىز يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شەھەر پىلانلاش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز مەيلىچە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەرگەن، شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمىنى تىزگىنلەش نىشانىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ياكى شەھەر ئاھالىسى ۋە يەر ئىشلىتىش كۆلىمىدە ساختىلىق قىلغانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە تۈزىتىش لازىم. تەستىقلىغۇچى ئورگانلارغا قانۇن بويىچە ئەنگە ئالدۇرماي ياكى تەستىقلاتماي شەھەر ئومۇمىي پىلانىنى تەگشەپ، شەھەر كۆلىمىنى كېڭەيتكەنلەر دەرھال ئۆزلۈكىدىن تۈزىتىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلىنىدۇ ھەمدە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ. گوۋۇيۈەن ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تەستىقلاتماي تۇرۇپ، ئۆز مەيلىچە تەسىس قىلىنغان تۈرلۈك تەرەققىيات رايونلىرى، شەھەر بىخەتەرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرىدىغان شەھەرنىڭ جايلىشىشىغا ۋە مۇھىتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ ئىگىلەنگەن يەرلەر ۋە قانۇنغا خىلاپ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن، ئىمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، چېقىۋېتىشكە تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي چېقىۋېتىش لازىم. شەھەردىكى يەرلەرنى كەلسە - كەلمەس ئىگىلىۋالغۇچىلار ۋە بىكار تاشلاپ قويۇپ ئىشلەتمىگەنلەر «شەھەر پىلانلاش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» غا خىلاپ بەزى چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى ئاشكارا بىر تەرەپ قىلىپ، بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار خادىملار ۋە مەسئۇل كىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

«شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە ھەر قايسى شەھەرلەر يۇقىرىدىكى تەلەپلەر بويىچە ئەستايىدىل ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىكى قاتارلىق گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئايرىلاپ تەكشۈرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئېپىدېمىيە ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 146 ـ نومۇرلۇق                1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئېپىدېمىيە ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكىر» گە قوشۇلدى. بۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1996 ــ 2000 ـ يىلىغىچە بولغان قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئومۇمىي پىلانى» ۋە «يولغا قويۇش لايىھەسى» نى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى بىلەن چارۋىچىلىق نازارىتى تۈزۈپ چىقىپ ئېلان قىلىدۇ، جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بۇنى بىللە يولغا قويۇشىنى سورايمىز.

قاپلىق قۇرت كېسىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق يەرلىك كېسەلنىڭ بىرى بولۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ قاپلىق قۇرت كېسىلى تارقالغان جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ماسلاشتۇرۇپ، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىشى لازىم.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئېپىدېمىيە ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە پىكىر

قاپلىق قۇرت كېسىلى ــ ئادەم ۋە چارۋىدا ئورتاق بولىدىغان بىر خىل پارازىت قۇرت كېسىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق يەرلىك كېسەلنىڭ بىرى. بۇ كېسەلنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاپلىق قۇرت تارقالغان رايونلاردا كىشىلەرنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملى-

نىش نىسبىتى %31.5، ئاغرىش نىسبىتى %5 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدە 5000 قاپلىق قۇرت بىمارى بار بولۇپ، ئاغرىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىنى ئىنتايىن چۆچۈتىدۇ. خاتىرىلىنىشىچە، 1990 - يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا قاپلىق قۇرت كېسىلى سەۋەبىدىن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ داۋالانغانلار جەمئىي 16 مىڭ 663 كە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ داۋالانغانلار تەخمىنەن 1000 غا يەتكەن. 1991 - يىلدىن بۇيان يەنە كۆپەيگەن، ھازىر ھەر يىللىق ئوپېراتسىيە قىلىنىپ داۋالانغانلار سانى 2000 دىن ئاشىدۇ. قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن قايتا قوزغىلىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولغانلىقى ئۈچۈن تەخمىنەن $\frac{1}{3}$ قىسىم بىمارنى يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 3 - 5 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىمارلارمۇ ئاز ئەمەس. قاپلىق قۇرت كېسىلى كۆپ پەيدا بولىدىغان جايلاردا، بىر ئائىلىدە 2 - 3 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئاغرىغان، قاپلىق قۇرت كېسىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كېسەلدىن نامراتلىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى — يېقىندا ئېنىقلانغان 7 مىڭ 628 قاپلىق قۇرت كېسىلى بولغان بىمارنى ستاتىستىكىلاش ماتېرىيالىدىن قىلىنغان تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن %31 بىمار 15 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈر ۋە بالىلار ئىكەن. بۇ ھال نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەملەردە بولىدىغان قاپلىق قۇرت كېسىلى ئېپىدېمىيەسىنىڭ ئەۋج ئېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قاپلىق قۇرت كېسىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدىكى ئېغىر توسالغۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا قويلارنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %50 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى 3 ياشتىن يۇقىرى قويلارنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى %50 — %90 كىچە، ئالتاي ۋىلايىتىدە سويۇلىدىغان بىر ياشلىق قويلارنىڭ %40 تىن تولىسى قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. قاپلىق قۇرت كېسىلى گۆش، يۇڭنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، نۇرغۇن جىگەر، ئۆپكە قاپلىق قۇرت تۈپەيلىدىن تاشلىۋېتىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا زور دەرىجىدە زىيان بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىرىك چارۋىلارنى ئېكسپورت قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئادەم ۋە چارۋىلاردا تارقىلىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇتۇبى، خوشۇت، تېكەس قاتارلىق 3 ناھىيەدە قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. 4 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتىكى تەشكىلىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تىزگىنلەش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش جەھەتلەردە تەجرىبە ھاسىل قىلىنىپ، مەلۇم ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇتۇبى ناھىيەسىدە تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، سىناق خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى ۋە كېڭەيتتى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، جايلاردا 4500 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش سەۋىيەسى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 22 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاپلىق قۇرت كېسىلى بويىچە B تىپلىق ئاپپاراتتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، 390 مىڭدىن ئارتۇق سويۇلىدىغان چارۋا مال قاپلىق قۇرت كېسىلى بويىچە تەكشۈرۈلدى، جايلاردا يەنە ئۆي ئىتلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش، لالما ئىتلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش، ئۆي ئىتلىرىدىكى قۇرتلارنى دورا بىلەن چۈشۈرۈش ۋە قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساغلاملىق تەربىيەسى پائالىيىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىدە بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي قانات يايدۇرغان بەزى سىناق نۇقتىسى ناھىيەلەردە چارۋا ماللارنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتىن ئىلگىرىكى %80 — %90 تىن تۆۋەنلەپ، %20 ئەتراپىغا چۈشتى، ئۆي ئىتلىرىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتىمۇ %50 تىن تۆۋەنلەپ، %1 كە چۈشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەنگەن ھەمدە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ، قاپلىق قۇرت كېسىلىنى تىزگىنلەش

نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن خېلى يىراق تۇرىمىز. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ تارقىلىشىدىكى تەبىئىي ئامىل بىلەن ئىجتىمائىي ئامىلى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ ئامىللارنى پۈتۈنلەي تىزگىنلەشتە يەنە ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار بار. يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ بار، بىرىنچىدىن، ئاز ساندىكى جايلارنىڭ رەھبەرلىكىدە داۋاملىق تۇتۇش ئىدىيىسى كەمچىل بولغاچقا، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك بوشاشتۇرۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىراجىتى قىس، ئاساسىي قاتلامنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قوشۇنى مۇقىم بولمىغاچقا، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەس بولۇۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى تامامەن قانات يايدۇرۇلمىغاچقا، نۇقتىدا سىناق قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ئومۇملاشتۇرۇلماي، ئىلگىرى سىناق قىلىنغان بەزى رايونلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايۋاتىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەريانىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ھەمدە ئىش تەقسىماتى ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش جەھەتتە يەنىمۇ ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، يۇقىرىقى ئامىللار سەۋەبىدىن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن جايلارنىڭ خىزمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر ئىزدا توختاپ قالدى، ئاز ساندىكى جايلاردا ھەتتا يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە ئاغرىش نىسبىتى يەنە ئۆرلەپ كەتتى. ئېپىدېمىيە رايونىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى تېز ھەم ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، قاپلىق قۇرت ئېپىدېمىيىسىنى تېز تىزگىنلەشنى ئىنتايىن جىددىي تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ پاسسىپ ھالىتىنى تېز ئۆزگەرتىش ھەمدە بۇ جەھەتتە 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بىر قەدەر زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا بولغان زىيىنىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بىز 2 نازارەت 4 - ئۆلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سانجى شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنى ئاچتۇق، قاپلىق قۇرت كېسىلى نۇقتىلىق تارقالغان رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلدۇق ۋە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئەمدى قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالاپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش ستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدىن تولۇق تونۇپ، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دائىمىي ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى ھەمدە ئۇنى ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتىكى ئەمەلىي ئىش قاتارىدا تۇتۇشى لازىم. جايلار قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئالاقىدار تارماقلارنى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئائىت تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

2. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتىكى بۇرۇنقى سىناق نۇقتىلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىن قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدە «ئۆي، چارۋا ئىتلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن ئۆي، چارۋا ئىتلىرىدىكى قاپلىق قۇرتنى چۈشۈرۈش، قويلارنى سويۇش تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» ۋە «ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، دورا بىلەن داۋالاشنى يولغا قويۇش ۋە ئېپىدېمىيىنى كۆزىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش» ئاساسىي تەدبىر قىلىنغان ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر قەدەر ئاز ئىقتىسادىي بەدەل بىلەن ئەڭ ياخشى ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ تارقىلىشىدىن پەيدا بولغان ئىقتىسادىي يۈكىنى ۋە سالامەتلىك جەھەتتىكى زىيىنىنى يەڭگىللىتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاپلىق قۇرت كېسىلى

كۆپ پەيدا بولىدىغان خېلى بىر قىسىم رايونلاردا ئېپىدېمىيە ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش لازىم.

3. 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تاكتىكىسى، چارىسى ۋە تېخنىكىلىق تەدبىرى جەھەتتە توپلىغان خېلى پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىنغانلىقى ھەمدە قاپلىق قۇرت كېسىلىنى تىزگىنلەشتە ئايرىۋېتىلگەن رايونلاردا ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش پايدىلىق بولمايدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك قاپلىق قۇرت كېسىلى ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى جايلاردا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر ئويمانلىقىدا ئەڭ ئېغىر بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاۋۋال قاپلىق قۇرت كېسىلى ئېغىر بولغان ھەم كۆپ پەيدا بولىدىغان يۇقىرىقى جايلاردا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

4. قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، سەھىيە ۋە چارۋىچىلىق تارماقلىرىغىلا يۆلىنىۋالغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدا كۆپ تارماقلار ھەمكارلىشىش، ھەر قايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئورتاق قاتنىشقا تولۇق سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەتتىكى ئالاقىدار تارماقلار قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ۋەزىپىمىز دەپ بىلىپ، ھەر قايسىسى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ۋە ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، زىچ ماسلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورتاق ئورۇندىشى لازىم. تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ 1996 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش يىرىك پىلانى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىنى نىشان، پىلان ۋە تەدبىرگە ئىگە قىلىپ، يىرىك پىلان نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەر مىللەت ئاممىسىغا بەخت ـ سائادەت يارىتىدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىش بولغاچقا، ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنى ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش سېلىنمىسىنىڭ ئاساسلىق يولى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەھىيە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭى ۋەزىيەت شارائىتىدا قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەبلەغ غەملەش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تۆلەم مېخانىزمىنى مۇۋاپىق ئورنىتىش لازىم. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىراجىتىنى باشقۇرۇشنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، چەكلىك مەبلەغنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

6. قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. قاپلىق قۇرت كېسىلى تارقالغان رايونلار تېگىشلىك تەدبىر قوللىنىپ قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش قوشۇنى قۇرۇلۇشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش پەن تەتقىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىدە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆتكەلگە نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىپ، بالدۇرراق بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. پەن تەتقىقات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىر بار قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش نەتىجىلىرى ۋە تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

يۇقىرىقى دوكلاتىمىز مۇۋاپىق بولسا، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ تارقىتىپ بېرىلسە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى

1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# 1996 ـ / 1997 ـ پاختا يىلىدا «پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش» قاتارلىق فوندلارنى يىغىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 150 ـ نومۇرلۇق　　1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق هۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق هۆكۈمەتلىرد-
گە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى 1996ـ
/ 1997 ـ پاختا يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا «پاختا ئارقىلىق
ئاشلىقنى تولۇقلاش» سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇشنى
قارار قىلدى، پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش قاتارلىق
فوندلارنى يىغىش ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش قىلى-
مىز:

1. فوندنىڭ كېلىش مەنبەسى. 1996 ـ يىل 9 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر بىر
دىن پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 600 يۈەندىن 630
يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ، يۆتكەش باھاسى يەنىلا دۆلەتنىڭ بىر
تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. سېتىۋېلىش
باھاسى بىلەن دۆلەت بەلگىلىگەن سېتىۋېلىش باھاسى ئوت-
تۇرىسىدىكى 70 يۈەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا ئارقىلىق
ئاشلىقنى تولۇقلاش فوندى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

2. فوند يىغىش دائىرىسى ۋە ئۆلچىمى. ئاپتونوم
رايونىمىز دائىرىسىدە سېتىۋېلىنغان پاختا (قورۇقلۇق پاختى-
سى ۋە ئۇزۇن تالالىق پاختىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا
بىۋاستە سېتىۋالغۇچى تارماق (يەرلىك، بىڭتۈەن سىستېمى-
سىدىكى پاختا ـ چىگە شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەر
بىر دىن پاختا (سورتى ۋە دەرىجىسى ئايرىلمايدۇ) ئۈچۈن
70 يۈەن فوند تاپشۇرۇشى لازىم. تاپشۇرۇلغان 70 يۈەن
فوندنى پاختا سېتىۋېلىش كارخانىلىرى پاختا سېتىۋېلىش
باھاسى ئىچىدە ھېسابلىشى ھەمدە مۇناسىپ تۈردە پاختا
يۆتكەش، تەمىنلەش باھاسى ئىچىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.
ئالاقىدار يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى، ھەربىي قىسىم دېھقانچىلىق مەيدان-
لىرى ۋە دېھقانچىلىق سىستېمىسىنىڭ سورتلۇق پاختا زاۋۇت-
لىرى ئىشلەپچىقارغان پاختىلار گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق هۆكۈمىتى بەلگىلىگەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
پاختا سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىغا سېتىپ بېرىلىشى كېرەك.

3. يۇقىرىقى فوند ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى
يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ۋەكالەت بانكىسىدا
ئاچقان مەخسۇس ھېسابات نومۇرىغا قويۇلىدۇ. ھېساب ئاچ-
قان بانكا: يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبى-
سى تىجارەت بۆلۈمى، ھېسابات نومۇرى: 480 — 801.

فوند يىغىشقا ئالاقىدار باشقا ئىشلاردا يە-
نىلا ش ھ ب 〔1995〕 84 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى
ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇ ئۇقتۇرۇش 1996 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن
باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

# پاختىدىن چىقىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش- سېتىشقا دائىر سىياسەتلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 157 - نومۇرلۇق　　　1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

پاختىدىن چىقىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلار پاختىكارلارنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

پاختىكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، پاختىدىن چىقىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش - سېتىشتىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرىمىز:

1. پاختىدىن چىقىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلات — چىگىت ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى، يەنى چىگىت يېغى، كۈنجۈرە، شاكال، چىگىت تۈكى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ چىگىتكە دائىر ئاساسىي سىياسىتى مۇنداق بولىدۇ: پاختا سېتىۋېلىنىدۇ، ساپ پاختا بويىچە باھا ھېسابلىنىدۇ، چىگىتنى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، چىگىت باشقۇرۇشتا مۇشۇ ئاساسىي سىياسەتتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك.

2. چىگىت توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان چىگىت ۋە توختام سىرتىدا سېتىۋېلىنىدىغان چىگىت دەپ 2 قىسىمغا ئايرىلىدۇ. توختام بويىچە سېتىۋېلىنغان چىگىت دېھقانلارنىڭ دۆلەت ئۈچۈن ئۆتىگەن مەجبۇرىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ چىگىت ئاساسەن شەھەر - بازار ئاھالىسى ۋە ھەربىي قىسىملار ئىستېمال قىلىدىغان ياغ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، ھەر يىلى رايونلار بويىچە توختاملىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈرىدۇ، جايلار ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش سانىنى ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن ياغلىق دانىنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە ۋە شۇ جايدىكى ياغلىقدان تۈرىگە ئاساسەن بېكىتىدۇ. چىگىتنى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانى ئاشلىقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىغا ئوخشاش، دەرىجە بويىچە تەقسىملىنىپ، ھەر بىر پاختىكار ئائىلىسىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

3. چىگىتنى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى توغرىسىدا، ھەر يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسى يېتەكچى خاراكتېرلىك باھا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر شۇ جاينىڭ كونكرېت سېتىۋېلىش باھاسىنى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن يېتەكچى باھا دائىرىسىدە بېكىتىدۇ.

4. جايلاردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى پاختىنى دېھقانلار بىلەن تۈزۈشكەن توختامدىكى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بويىچە دۆلەت ئۈچۈن ۋاكالىتەن سېتىۋالىدۇ؛ سېتىپ بېرىلگەن پاختىنىڭ دەرىجىسى بويىچە چىگىتكە سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ دېھقانلارغا چىگىت بېلىتى تارقىتىپ بېرىدۇ، دېھقانلار دۆلەتكە چىگىت سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى بېلەت تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئورۇندايدۇ، چىگىت پۇلىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن بىۋاسىتە ھېسابلىشىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرى يىغىۋالغان چىگىت بېلىتىگە ئاساسەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىدىن چىگىت ئالىدۇ، ئارىلىقتىكى مۇۋاپىق خوراش نىسبىتىنى يەرلىكتىكى باھا تارماقلىرى بېكىتىپ بېرىدۇ، خورىغان قىسمىنى دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدۇ.

5. سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى (تەمىنلىگەن ۋە بۇيرۇپ بېرىلگەن) چىگىتنىڭ سېتىش باھاسىنى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر شۇ جايدىكى ئەمەلىي چىقىم ۋە خوراش ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ ھەمدە سودا- سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىپ بەلگىلەيدۇ. سودا - سانائەت كارخانىلىرى دۆلەت سىياسىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە شۇ جايغا باج تاپشۇرغاندىن سىرت، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سودا- سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش باھا پەرقىدىن ياكى باشقا ھالقىلىرىدىن ھەر قانداق ھەق، فوند ياكى باھا پەرقى ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

6. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا سېتىۋالغاندا، پاختىكار دېھقانلار توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن چىگىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش ھالقىلىرىدا كۆرۈلگەن مۇۋاپىق خوراشنى تۇتۇپ قېلىپ، ئاشقان چىگىتنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. خوراش نىسبىتىنى شۇ جايدىكى باھا تارماقلىرى سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش تارماقلىرىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن بېكىتىدۇ. تۈكتى ئايرىۋېلىنغان چىگىتنى قايتۇرۇشتا، چىگىتتىن تۈك ئايرىۋېلىشتىن كېمەلگەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن پاختىكارلارغا ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە تۆلەم بېرىلىشى كېرەك.

7. توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى سىرتىدىكى چىگىتنى دېھقانلار ئىختىيارىي بىر تەرەپ قىلىدۇ. باھاسى ۋە بازىرى ئوچۇق قويۇۋېتىلىپ، بازارغا بېقىپ ئىش كۆرۈلىدۇ. پاختىكار دېھقانلار ئۇنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى خالىسا، سېتىۋېلىش تارماقلىرى بازاردىكى كېلىشىم باھا بويىچە سېتىۋېلىشى كېرەك.

8. توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى سىرتىدىكى چىگىت ياغ پىششىقلاپ ئىشلەشكە بېرىلسە، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى بەلگىلەنگەن ياغ چىقىرىش نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ ياغ تارقىتىپ بېرىشى ھەمدە مۇۋاپىق پىششىقلاپ ئىشلەش ھەققى ئېلىشى كېرەك. ئەگەر دېھقانلار ياغنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى خالىسا، ئاشلىق تارماقلىرى ئۇنى بازاردىكى كېلىشىم باھا بويىچە سېتىۋېلىشى، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى ئۇنىڭ كۈنجۈرە ۋە شاكال قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە»نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 135 - نومۇرلۇق          1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە»نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقىتىمىز.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، ئورگان ئارقا سەپ ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ 〔1995〕 25 - نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش

كۈچەيتىلىدىغان فۇنكسىيىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق كەسپى، ئۆي - زېمىن كەسپى، شەھەر مەمۇرىيىتى - جامائەت ئىشلىرى كەسپىگە دائىر سىياسەت، تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانىنى تۈزۈش؛ كەسىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتىنى، مەمۇرىيەتتە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش؛ ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق بازىرى، ئۆي - زېمىن بازىرى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى - جامائەت ئىشلىرى بازىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش؛ شەھەرلەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى، جامائەت ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش؛ شەھەر ۋە كەنت، بازارلارنى پىلانلاش، قۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، شەھەر، بازارلاردىكى ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنى تىزگىنلەش ئۆلچىمى ۋە جەمئىيەتتىكى كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا دائىر سىياسەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىش.

ئاجرىلاشتۇرۇلىدىغان ۋە تۆۋەنگە بېرىلىدىغان فۇنكسىيىلەر: پىلانلىق باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئاجرىلاشتۇرۇلۇپ، كونكرېت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش كەسپى ئازايتىلىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرنىڭ فۇنكسىيىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىلىدۇ، بۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئۆزى غەملىگەن مەبلەغنى ئاساس قىلىنغان شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش ئىشلەش ۋە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئالدىن تەكشۈرۈش، يىللىق تەكشۈرۈش ۋە ھەرىكەتچان باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 2. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى

قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى مۇنداق:

1) دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشقا دائىر فاڭجېن، سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى (ئىنشائات قۇرۇلۇشى، شەھەر قۇرۇلۇشى، كەنت، بازار

قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق كەسپى، ئۆي - زېمىن كەسپى، شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئىشلىرى كەسپى) غا دائىر سىياسەت، قائىدە - نىزام ۋە ئىسلاھات لايىھەسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانىنى، يىللىق پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2) ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش باسقۇچىدىكى دۆلەت ئۆلچىمىنى، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نورمىنى ۋە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى باشقۇرىدىغان كەسپلەرنىڭ ئۆلچەملىك نورمىسىنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەيدۇ؛ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش باسقۇچىدىكى يەرلىك ئۆلچەم، نازارەت باشقۇرىدىغان كەسپلەرنىڭ ئۆلچەملىك نورمىسى ۋە قۇرۇلۇش ئۆلچىمى، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆرسەتكۈچى، سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ مۆلچەر ھېسابات كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈشكە تەشكىللەيدۇ ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلىدۇ.

3) بىناكارلىق بازىرىنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق كەسپىنىڭ خېرىدارچىلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ لايىھەلەش ۋە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇشنى كەسىپ بويىچە باشقۇرۇشقا، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ۋە قۇرۇلۇشنى بىخەتەر ئىشلەشنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر پىلانلاش ۋە تەرەققىيات رايونلىرىنى پىلانلاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت يەرلىرىنى پىلانلاش ۋە رايونلارنى پىلانلاشقا قاتنىشىدۇ؛ شەھەرلەرنى چارلاپ تەكشۈرۈش ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆلچەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ؛ شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپى خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

5) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەرلەردە سۇ تەمىنلەش - چىقىرىۋېتىش، يېقىلغۇ گاز، ئىسسىقلىق تەمىنلەش، شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرى، يول، ئاممىۋى قاتناش، شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنزىرىلىك مەشھۇر رايونلىرى خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ؛ شەھەرلەردە سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش ۋە شەھەر پىلانى رايونى ئىچىدىكى يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش خىزمىتىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرىدۇ؛ شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، شەھەر قۇرۇلۇشىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈننى چىقىرىۋېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

6) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆي - زېمىن كەسپىنى ساھە بويىچە باشقۇرۇش، ئۆي- زېمىن بازىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ شەھەر - بازارلارنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئۆي- زېمىن تەرەققىياتى، ئۆي - ئىمارەتلەرنى تاۋارلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ شەھەر - بازارلارنىڭ ئولتۇراق جاي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ شەھەر - بازارلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

7) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەنت - بازارلىرىنى پىلانلاش، قۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ كەنت - بازارلارنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

8) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يىرىك پىلانى، پىلان ۋە تېخنىكا ئىقتىسادىغا دائىر سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ، چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدە ئۈنكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىلەرنى كىرگۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ.

9) ئاپتونومىيە رايونىمىز قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزىدۇ، قۇرۇلۇش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە داۋاملىق مائارىپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

10) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى، سانائەت ۋە خەلققە ئىشلىتىلىدىغان بىناكارلىق - قۇرۇلۇشلىرىنى يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلەندۈرۈش ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇش شەكلىدىكى ھاۋا مۇداپىئە ئىنشائات قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرىدۇ.

11) ئاپتونومىيە رايونىمىز قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدا ۋە چەت ئەللەردە بىناكارلىق بازىرى ۋە ئۆي- زېمىن بازىرى ئېچىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، چەت ئەل قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش، ئۆي - زېمىن كەسپى ۋە ئەمگەك كۈچى ھەمكارلىقى كەسپىنى ئېلىپ بارىدۇ.

12) ئاپتونومىيە رايونىمىز قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ ئەمگەك - مائاش، ئەمگەك ئۆلچىمى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

13) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسىنى باشقۇرىدۇ.

## 3. ئىچكى ئاپپاراتلار

يۇقىرىقى مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىدە 13 فۇنكسىيىلىك باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىندۇ.

1) ئىشخانا

نازارەت رەھبەرلىكىگە ھەمكارلىشىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ ھۆججەت - كاتىپلىق، تەرجىمە، ئارخىپ، مەخپىي ئىشلار، تاشقى ئىشلار، ئۇچۇر، قوغداش، تەشۋىقات، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، ئەرزىيەت قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ساھە بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى چوڭ - چوڭ پائالىيەت، يىغىنلارنى تەشكىللەپ بېجىرىدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ مالىيە ۋە مۇقىم مۈلۈكنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ نازارەت ئورگىنى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2) پىلان، مالىيە باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، قۇرۇلۇش ساھەسىدە يىللىق مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانى، ماددىي ئەشيالار پىلانى ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش پىلانىنى تۈزىدۇ؛ ئالاقىدار تۈرلەرنى تۇرغۇزۇشنى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرىدۇ ياكى تەستىقلايدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ تۈرلۈك مەبلىغى ۋە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ نازارەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۈلكى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛ نازارەت باشقۇرۇشىدىكى كەسىپلەرنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

3) تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، قانۇن - نىزام باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانى ۋە خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا تەشكىللەيدۇ؛ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قائىدە - نىزاملارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى تەييارلاش، تەكشۈرۈش، تەستىقلىتىش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى تەشكىللەيدۇ؛ قۇرۇلۇش مەمۇرىيىتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

4) پەن - تېخنىكا، مائارىپ باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى، قۇرۇلۇش مائارىپى ۋە قۇرۇلۇش ئىختىساس ئىگىلىرى تەرەققىياتىنىڭ يىرىك پىلانى ۋە پىلانىنى تۈزۈشكە تەشكىللەيدۇ؛ چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ؛ چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش ۋە كېڭەيتىپ قوللىنىشنى تەشكىللەيدۇ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىلەرنى كىرگۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ؛ ئۆز سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرىدىغان مەكتەپلەرنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشقا، قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرىدىغان كەسپىي مائارىپ ئۆلچىمى ۋە تەربىيىلەش ئۆلچىمىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

5) بىناكارلىق كەسپى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق كەسپىگە ئالاقىدار سىياسەت، تەرەققىيات پىلانى ۋە ئالاقىدار قائىدە - نىزاملارنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، بىناكارلىق كەسپىنى ساھە بويىچە باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش، بىناكارلىق بېزەش، بىناكارلىق بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيەت دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا بىناكارلىق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ بىناكارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلەش كۈچلىرى ۋە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن قۇرۇلۇش ئىشلەش قوشۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى باشقۇرىدۇ؛ بىناكارلىق كەسپىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

6) قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش باشقارمىسى

ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش، قۇرۇلۇش ئىشلەش خېرىدارچىلىقى، قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ئىشلىرى توغرىسىدىكى قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ؛ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ لايىھىلەش، قۇرۇلۇش ئىشلەش، خېرىدارچىلىق پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ قۇرۇلۇش (مەھسۇلات) سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ساھە بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، چوڭ - چوڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇشلىرىدىكى سۈپەت ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ.

7) تەكشۈرۈپ لايىھىلەش، ئۆلچەملەشتۈرۈش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ لايىھىلەش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ لايىھىلەش كەسپىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى يىرىك پىلانى ۋە ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى تۈزىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ لايىھىلەش، مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرى ۋە لايىھىلەشنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆلچەملىك

لايىھىسىنى تۈزۈش، كېڭەيتىش ۋە قوللىنىشنى تەشكىللەيدۇ؛ تەكشۈرۈش، لايىھەلەش بازارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ؛ قوشۇمچە قۇرۇلۇش شەكلىدىكى ھاۋا مۇداپىئە ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش، پىلانلاش، ئىشلەش جەھەتلەردىن باشقۇرىدۇ؛ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشلىنىۋاتقان باسقۇچىدىكى يەرلىك ئۆلچەم، نازارەت باشقۇرۇشىدىكى كەسپلەرنىڭ ئۆلچەم نورمىسى ۋە قۇرۇلۇش ئۆلچىمى، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك يەر كۆرسەتكۈچ ۋە سېلىنغان مەبلەغنىڭ مۆلچەر ھېسابىدىكى كۆرسەتكۈچنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ.

8) شەھەر لايىھەلەش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە شەھەر پىلانلاشقا دائىر قانۇن - نىزام، سىياسەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر پىلانلاش، تەكشۈرۈش ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆلچەش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر - بازارلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى، تەپسىلىي پىلانى ۋە كەسپىي پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ دۆلەت زېمىنى تۈزۈلمىسىدىكى يىرىك پىلان ۋە رايونلار پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ؛ شەھەر پىلانىنى لايىھەلەش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ شەھەر ھەيكەلتاراشلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

9) شەھەر قۇرۇلۇشى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ستراتېگىيىسىنى، كەسپ سىياسىتىنى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ؛ دۆلەت تۈزگەن شەھەر قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى تېخنىكا ئۆلچەملىرىنىڭ ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيەت ئۆلچىمىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ؛ شەھەرلەرنىڭ سۇ تەمىنلەش - چىقىرىۋېتىش، يېقىلغۇ گاز، ئىسسىقلىق، شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرى، يول، ئاممىۋى قاتناش، باغ، كۆكەرتىش، شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقى خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنزىرىلىك مەشھۇر رايونلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ؛ شەھەرلەرنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، شەھەر قۇرۇلۇشىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈننى چىقىرىۋېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش ۋە شەھەر پىلانى رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ شەھەر قۇرۇلۇشى ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

10) كەنت - بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن شىنات تۈزۈلمىسىدىكى بازار، بازار ۋە كەنت قۇرۇلۇشىغا دائىر سىياسەت، قائىدە، نىزام ۋە ئومۇمىي گەۋدە تەرەققىيات پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ؛ كەنت، بازار پىلانىنى تۈزۈش ۋە چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش نۇقتىلىرى پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ كەنت، بازارلارنى بىر تۇتاش ئېچىش، ئۇنىۋېرسال قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ كەنت، بازار قۇرۇلۇشىنىڭ سىناق نۇقتىلىرىنى ئىشلەشكە تەشكىللەيدۇ؛ كەنت، بازار قۇرۇلۇشىغا ماس كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ھەممىباب لايىھە خەرىتىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قوللىنىشقا تەشكىللەيدۇ؛ كەنت، بازار قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلىنى ئىسلاھ قىلىدۇ؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى كەنت، بازارلارنى قايتىدىن قۇرۇش ۋە چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى تۇتاشقان كېلىپ قالغان رايونلاردىكى كەنت، بازارلارنى كۆچۈرۈپ قايتىدىن قۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

11) ئۆي - زېمىن كەسپى باشقارمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق ئولتۇراق ئۆي ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆي - زېمىن كەسپىنى ساھە بويىچە باشقۇرۇشقا، شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەت، قائىدە، نىزام ۋە تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ شەھەر - بازارلارنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئېچىش، پايدىلىنىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئۆي - زېمىن بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرىدۇ؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ئىگىلىكى، ئۆي - ئىمارەتلەرنى تاۋارلاشتۇرۇش، شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش، كۆچۈرۈش، ئۆي مۈلۈكنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش ۋە مەدەنىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئۆي - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ شەھەر - بازارلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە ۋە جەمئىيەتتىكى كىرىمى تۆۋەنلەرگە ئولتۇراق ئۆي سېلىش خىزمىتىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرىدۇ، شەھەر - بازارلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە خەۋپلىك ئۆيلەردىن خاتىرجەم قىلىش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

12) يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش باشقارمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى)

دۆلەت ۋە مىنىستىرلىك ئېلان قىلغان يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىشكە دائىر قائىدە، نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ ۋە ئالاقىدار تەپسىلىي قائىدە، چارىلەرنى تۈزىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلەندۈرۈش، پۇختىلاش خىزمىتىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرىدۇ؛ شەھەر - بازارلارنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ، يەر تەۋرىگەندە قۇرۇلۇشلارنى جىددىي رېمونت قىلىش، خەتەرنى تۈگىتىش ۋە يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى

ئىسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىكى يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

13) تەشكىلات - كادىرلار باشقارمىسى

نازارەت ئورگىنى ۋە نازارەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ ئاپپارات شتاتى، كادىرلار، ئەمگەك - مائاش قاتارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە نازارەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق، قۇرۇلۇش كەسپى ۋە ئۆي - زېمىن ئىقتىسادى كەسپىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋان خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئورگان پارتكومى

نازارەت ئورگىنى ۋە نازارەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە - ئاممىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش (مەمۇرىي تەپتىش) گۇرۇپپىسى

نازارەت ئورگىنى ۋە نازارەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

## 4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرلەر سانى

قۇرۇلۇش نازارىتى ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 100 نەپەر (4 نەپەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خادىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە: نازارەت دەرىجىلىك رەھبەر سانى 6 (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپا باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ باشقارما دەرىجىلىك رەھبەر سانى 36.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسى تەسىس قىلىنىدۇ، 7 نەپەر شتات ئايرىم بېرىلىدۇ، رەھبەر سانى 2.

## 5. كەسپىي ئورۇنلار ۋە شتاتى

1) «قۇرۇلۇش نازارىتى تۇرمۇش مۇلازىمەت باشقارمىسى»، «قۇرۇلۇش نازارىتى ئورگىنى مۇلازىمەت مەركىزى» گە ئۆزگەرتىلىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ، رەھبەر سانى 3 بولىدۇ. بۇرۇن بېكىتىلگەن ئورگان قارمىقىدىكى 52 شتات كەسپىي شتاتقا ئۆزگەرتىلىدۇ، خىراجەتتە ئۆز ئالدىغا كىرىم - چىقىم قىلىدۇ. ئورگانلارنىڭ ئارقا سەپ ئورۇنلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەلىپى بويىچە، ئورگاندىن ئايرىپ بېرىلگەن ئارقا سەپ مۇلازىمەت خادىملىرىنىڭ كەسپىي شتاتى 14 قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ تولۇق خىراجەتلىك. خام چوت بويىچە قۇرۇلۇش نازارىتى ئورگىنى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، تەدرىجىي ئىجتىمائىيلىشىشقا ئۆتىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونلۇق ئولتۇراق ئۆي ئىسلاھاتى فوندى باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلىدۇ، بۇ ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ، 14 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ، رەھبەر سانى 3 بولىدۇ، خىراجەتتە ئۆز ئالدىغا كىرىم - چىقىم قىلىدۇ. بۇرۇن ش ئا ش [1992] 6 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئولتۇراق ئۆي ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا بېرىلگەن 10 كەسپىي شتات قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

3) ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى نورمىسى پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق كارخانىلىرى ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتىنى بىر تۇتاش يىغىپ باشقۇرۇش باش پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر - يېزىلارنىڭ پىلانلاش، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرۇلۇشلارنى پۇختىلاش - باشقۇرۇش پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ئۆلچەملىك لايىھەلەش ئىشخانىسى يەنىلا ئەسلىدىكى ئاپپارات ئۆلچىمىنى ساقلاپ قالىدۇ، خىراجەت خاراكتېرى، رەھبەر سانى ۋە خادىملار شتاتى ئۆزگەرمەيدۇ.

تەزكىرە تۈزۈش خادىملىرىغا ئايرىم 3 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ، بۇ نازارەت ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

## 6. ئىزىغا سېلىنىدىغان مۇناسىۋەتلەر

1) قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن پىلان كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەسىلىسىدىكى فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتى

پىلان كومىتېتى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش، تۈر تۇرغۇزۇش، لايىھەنى تەكشۈرۈش، ئاساسىي قۇرۇلۇش نورمىسىنى بېكىتىش، قۇرۇلۇش مەزگىلدىكى ماسلاشتۇرۇش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، كېيىنكى باھالاش قاتارلىق پۈتۈن جەريانىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نورما باشقۇرۇش چارىسى ۋاقىتىنچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

قۇرۇلۇش نازارىتى بىناكارلىق كەسپىنى ساھە بويىچە باشقۇرىدۇ. خېرىدارچىلىقنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش ئىشلەشنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش ئىشلەش قوشۇنى (ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن قۇرۇلۇش قوشۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش، بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش، لايىھەلەشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

2) قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرۇلۇشلارنى پۇختىلاش ئۆلچىمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتى

ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ، يەنىلا قۇرۇلۇش نازارىتىدە بولىدۇ.

دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ «3 نى بېكىتىش» لايىھىسىگە ئاساسەن، يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچان پارامېتىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرۇلۇشلارنى پۇختىلاش ئۆلچىمى، قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھالاش، چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر تەۋرىگەندىكى تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسىنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كېنوقىزىلما ئازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە»نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب [1996] 140 - نومۇرلۇق　　　　1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كېنوقىزىلما ئازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە» نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كېنوقىزىلما مىنىستىرلىكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كېنوقىزىلما ئازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان ئارقا سەپ تەمىنات ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ [1995] 25 - نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كېنوقىزىلما ئازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى:

## 1. فۇنكسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىزىلما بايلىقلىرىنى ئۇنۇملۈك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، قىزىلما ئېچىشنى نازارەت قىلىش ۋە گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گېئولوگىيىلىك چارلاش ئىشىنى ساھە بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى؛ كېنوقىزىلما مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىزچىل سىلىقلاپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن كەسپىي ئورۇننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش پرىنسىپى بويىچە، بىۋاسىتە قاراشلىق گېئولوگىيىلىك چارلاش ئورۇنلىرىنىڭ پەيدىنپەي كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ بىۋاسىتە قاراشلىق گېئولوگىيىلىك چارلاش ئورۇنلىرىغا بولغان بىۋاسىتە باشقۇرۇش ئاجرىلاشتۇرۇلۇپ، تارماق بويىچە باشقۇرۇش ساھە بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش تەدبىرلىرى ۋە ۋاسىتىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېنوقىزىلما مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

## 2. ئاساسلىق ھەۋەلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق كېنوقىزىلما ئازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىزىلما بايلىقى، گېئولوگىيىلىك مۇھىت ۋە گېئولوگىيىلىك چارلاش ساھەسىگە مەسئۇل فۇنكسىيىلىك تارماق، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى مۇنداق:

(1) «قىزىلما بايلىقى قانۇنى» ۋە ئۇنىڭ يانداشما قانۇن - نىزاملىرىنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەشكە ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ كېنو قىزىلمىغا دائىر يەرلىك نىزام ۋە ھۆكۈمەت قائىدىسىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېنوقىزىلما خىزمىتى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر ستراتېگىيە، فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئاللاقىدار قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈشكە ھەمدە يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىشقا تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كېنوقىزىلما مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرىدۇ.

(2) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىزىلما بايلىقلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىزىلما بايلىق پىلانىنى تۈزۈپ، قىزىلما بايلىقنى قانۇن بويىچە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىدۇ؛ قىزىلما بايلىقتىن تولۇم ھەققى ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، دۆلەتنىڭ قىزىلما بايلىقلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغدايدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە دائىر ماتېرىياللىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، گېئولوگىيىلىك چارلاش مۇتەخەسسىسلىرىنى تىزىملاشقا ۋە گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ تاپشۇرۇشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ قىزىلما بايلىقلار زاپىسىنى تەستىقلايدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، كان ياتقۇلىرىنىڭ سانائەت كۆرسەتكۈچىنى تەستىقلاپ چۈشۈرىدۇ، كانلارنى تاقاشنىڭ گېئولوگىيىلىك دوكلاتىنى تەستىقلايدۇ.

(3) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىشنى نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، كانچىلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى تۇر تۇرغۇزۇش دوكلاتىنى تەستىقلاشقا قانۇن بويىچە قاتنىشىپ، كان ئېچىشنى تىزىملاپ گۇۋاھنامە تارقىتىش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، كان ئېچىش ھوقۇق تەۋەلىكى توغرىسىدىكى زور ماجىرالارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. قىزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە قوغداشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

(4) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، كۆزىتىش ۋە گېئولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى تۈزۈشكە تەشكىللەيدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش لايىھىسىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ؛ گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدۇ، زور قورغىلىش تۈرلىرى، شەھەر ئومۇمىي پىلانى ۋە رايونلار

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە»نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب [1996] 148 ـ نومۇرلۇق　　　1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە» نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان خوجىلىق ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ [1995] 25 ـ نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

مۇھىت ئاسراشنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىندۇ. مۇھىت ئاسراشنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇھىت ئاسراشنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ؛ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، مۇھىت ئاسراشتىكى قانۇن چىقىرىش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ؛ شەھەر مۇھىتى بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە سانائەتتىكى بۇلغىنىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش كۈچەيتىلىدۇ؛ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە مۇھىت ئاسراش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىت ئېڭى ئۆستۈرۈلىدۇ؛ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تاشقى ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ.

قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش توغرىسىدىكى دوكلات تەستىقلىنىشتىن بۇرۇنقى تېخنىكىلىق باھالاش ۋە مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەر ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى خىزمەتلەر مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

### 2. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن، نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراشقا دائىر سىياسەت ۋە قانۇن ـ نىزام لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تەييارلايدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ماسلىشىپ، مۇھىت ئاسراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا، بايلىق تەقسىماتى ۋە كەسىپ سىياسەتلىرىنى تۈزىدۇ؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىگە باھا بېرىشنى تەشكىللەيدۇ.

2) ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش ئومۇمىي پىلانى ۋە پىلانىنى تۈزىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىـ

مالىيە تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى، دۆلەت زېمىنىنى ئېچىش، تۈزەش ئومۇمىي پىلانىنى، رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي پىلانىنى، كەسىپ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى، بايلىقنى ئېچىپ ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر، نۇقتىلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىدىكى مۇھىت ئاسراشقا دائىر مەزمۇنلارنى تەكشۈرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ستاتىستىكىسى ۋە مۇھىت ئۇچۇرى خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت سۈپىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تۈزۈپ يۇقىرىغا يوللايدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخباراتىنى ئېلان قىلىدۇ.

3) ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش ئۆلچەملىرى (مۇھىت سۈپىتى ئۆلچىمى، بۇلغىمىلارنى چىقىرىش ئۆلچىمى، مۇھىت ئاساسىي ئۆلچىمى، مۇھىت ئاسراش ئۇسۇلى ئۆلچىمى، ستاندارتلىق ئەۋرىشكە ئۆلچىمى) ۋە مۇھىت ئاسراش كەسپىي ئۆلچەملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ، مۇھىت ئاسراشنىڭ يەرلىك ئۆلچەملىرى (مۇھىت سۈپىتى ئۆلچىمى، بۇلغىمىلارنى چىقىرىش ئۆلچىمى) نى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ.

4) ئاپتونوم رايوننىڭ ئاتموسفېرا، سۇ رايونى ۋە تۇپراق جەھەتتىكى مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز داشقال، چاڭ - توزان، سېسىق گاز، رادىئاكتىپلىق ماددا، زەھەرلىك خىمىيە بۇيۇملىرى، شاۋقۇن، سىلكىنىش، ئېلېكتر ماگنىتلىق دولقۇننىڭ رادىئاكسىيىسى قاتارلىقلاردىن بولغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ دۆلەت قۇرۇشنى مەنئى قىلىدىغان (ياكى قاتتىق چەكلەيدىغان) مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدىغان تۈرلەرنىڭ كاتولىكى ۋە ئاۋۋال كونترول قىلىدىغان زەھەرلىك خىمىيە بۇيۇملىرى كاتولىكىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، قوشنا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا چېتىلىدىغان مۇھىت بۇلغىنىش ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى رايون ھالقىغان بۇلغىنىش ماجىراسىنى ماسلاشتۇرىدۇ، زور مۇھىت بۇلغاش ۋەقەسى ۋە ئېكولوگىيىنى بۇزۇش ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

5) ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى رايونغا ئايرىش، پىلانلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يېڭى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلىشنى تەستىقلاش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. ئاپتونوم رايون ئىچىدە جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى، ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى، قىممەتلىك تۈرلەرنى، نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان تۈرلەرنى ئاسراش خىزمىتىنى ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بايلىق ئېچىش پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ.

6) ئاپتونوم رايون بويىچە بۇلغىما چىقىرىشنى مەلۇم قىلىپ تىزىملىتىش، بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسى، بۇلغىما چىقىرىشتىن ھەق ئېلىش، ئۇنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش، «3 نى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق مۇھىت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ نورما ئىچىدىكى ئېچىپ كۆللەندۈرۈش تۈرلىرى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى ۋە رايونلارنى ئېچىپ كۆللەندۈرۈش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلايدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى نورمىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

7) دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسىغا دائىر سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئومۇمىي پىلانىنى، مۇھىت ئاسراش كەسپىي تەرەققىياتى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزىدۇ ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم مۇھىت پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ.

8) ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىتنى ئۆلچەش - نازارەت قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، مۇھىتنى نازارەت قىلىش ئۆلچەش تۈزۈمىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك مۇھىتنى ئۆلچەش - نازارەت قىلىش تور - پونكىتلىرىنى باشقۇرىدۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى مۇھىتنى ئۆلچەش - نازارەت قىلىش تورىنى تەشكىللەيدۇ؛ مۇھىتنى ئۆلچەش - نازارەت قىلىش پونكىتلىرىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

9) ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە چوڭلار مائارىپى، كادىرلارنى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدا مۇھىت تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇھىت تەشۋىق - تەربىيىسىنى قانات يايدۇرىدۇ.

10) ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنى تەربىيىسىنى ۋە داۋاملىق تەربىيە ئېلىشنى پىلانلايدۇ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

11) مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تاشقى ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئالاقىدار خەلقئارا مۇھىت ئەھدىنامىسىنى ئادا قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ مۇھىت ئاسراش تۈرلىرىدە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ.

12) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

13) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

### 3. ئىچكى ئاپپاراتى

يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىدە 8 فۇنكسىيىلىك باشقارما (ئىشخانا) تەسىس

قىلىندۇ.

1) ئىشخانا

ئىدارە رەھبەرلىرىگە ھەمكارلىشىپ ئورگاننىڭ كۈندىلىك مەمۇرىي ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىللىق پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ كاتىبات، ئارخىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، قوغداش، ئەرزىيەت، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، خوجىلىق ئورگىنىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك يىغىنلارنىڭ يىغىن ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ؛ مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

2) پىلان - مالىيە باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراشقا دائىر ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلانىنى ۋە پىلانىنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلانىنى ۋە پىلانىنى، دۆلەت زېمىنىنى ئېچىش، تۈزەش ئومۇمىي پىلانىنى، رايون ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ، نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىدىكى مۇھىت ئاسراشقا دائىر مەزمۇننى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا قاتنىشىدۇ؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراشتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ پۈتكەنلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى تەشكىللەشكە قاتنىشىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ستاتىستىكىسى، مۇھىت، ئۇچۇر خىزمىتىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق ستاتىستىكا ئاخباراتىنى يېزىشنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۈلكى، مالىيە ۋە ئىقتىسادىي تېپىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەخسۇس كونترول قىلىنىدىغان تاۋارلار پىلانىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش ياردەم پۇلىنى ئىشلىتىش پىلانىنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنى تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ.

3) سىياسەت، قانۇن - نىزام باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراشقا دائىر سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئاپتونوم رايوندا ئىجرا قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇن - نىزام ۋە قائىدىلىرىنى تەييارلاشنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ مۇھىت ئاسراشقا مۇناسىۋەتلىك ئىقتىساد، تېخنىكا، بايلىق تەقسىماتى، كەسپ سىياسىتى ۋە يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تەييارلاشقا قاتنىشىدۇ؛ مۇھىت ئاسراشقا ئائىت سىياسەت، قانۇن - نىزاملار تەتقىقات خىزمىتىگە، مۇھىت ئۆلچىمىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى مەمۇرىي ئەنزىلەرگە قايتا قاراپ چىقىش ۋە دەۋاغا چىقىش خىزمىتىگە ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھىت ئاسراش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

4) سىياسىي باشقارما

ئىدارە ئورگىنىدىكى باشقارما (ئىشخانا) ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات، شتات، كادىرلار ئىشلىرى، ئەمگەك - مائاش، ئۇنۋان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، سىناش، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئىدارە سىستېمىسىنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداش، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالاش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

5) پەن - تېخنىكا، مائارىپ، تەشۋىقات باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكىسىغا دائىر سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكا يىللىق پىلانىنى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشنى تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باشقۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ مۇھىت پەن - تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئۇچۇرلارنى باشقۇرىدۇ، مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، ئېتىراپ قىلىش ۋە مۇھىت بەلگىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ بۇلغىما چىقىرىشنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى، تېخنىكا قائىدىلىرىنى تەييارلاشنى تەشكىللەيدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكىسى ۋە تەلىم - تەربىيىسى جەھەتتىكى چەت ئەللەرگە چىقىشلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تەشۋىقات پروگراممىسىنى ۋە زور تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تەييارلاپ بېكىتىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ مۇھىت ئاسراش بويىچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى باھالاشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش كەسپىي خادىملىرىنى ئىش ئورنىدا يېتىشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپى بويىچە چوڭلاردىن ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

6) بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە، شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن - نىزام، ئۆلچەم ۋە تېخنىكا سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە رايونلار ۋە كەسپلەرنىڭ بۇلغىما چىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى بېكىتىشنى تەشكىللەيدۇ، ئۇنى تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ مۇھىت نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى نورمىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق مۇھىت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ؛ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىش، چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش، بۇلغىما چىقىرىشنى مەلۇم قىلىپ تىزىملىتىش، بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى ۋە چەت ئەلدىن قاتتىق جىسىملىق كېرەكسىز نەرسىلەر، زەھەرلىك خىمىيە بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدە يۈز بەرگەن مۇھىتنى بۇلغاش زور ۋەقەسى ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئاپتونوم رايون

ئىچىدىكى مەمۇرىي رايوندىن ھالقىغان مۇھىت بۇلغىنىش ماجىراسىنى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ پاكىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

7) نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى مۇھىت ئاسراش بويىچە باشقۇرۇش، بۇلغاش ھەققى ئېلىش، مۇھىتنى ئۆلچەش، نازارەت قىلىش، رادىئاكتىپلىق ماددىلارنى مۇھىت ئاسراش بويىچە باشقۇرۇش جەھەتتىكى سىياسەت، قانۇن- نىزام، قائىدە ۋە ئۆلچەملىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مۇھىت ئاسراش بويىچە باشقۇرۇش ۋە مۇھىت باھالاش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تەرەققىيات، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ۋە دۆلەت تاپشۇرغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ بۇلغىنىش ۋەقەسىنى ۋە بۇلغىنىش ماجىراسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىتنى نازارەت قىلىشىنى، بۇلغاش ھەققى ئېلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە، مۇھىتنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى ۋە مۇھىت تەسىرىگە باھا بېرىش خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىتنى ئۆلچەش - نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەشنى باشقۇرۇش نىزامىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ نىزامنى يولغا قويۇش چارىسىنى تەييارلاپ بېكىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىتنى ئۆلچەش - نازارەت قىلىش كەلگۈسى تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى ۋە يىللىق پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ.

8) تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراش باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراشقا، يېزا - بازار كارخانىلىرى پەيدا قىلغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن - نىزام، قائىدە ۋە ئۆلچەملىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ھەم ئۇنى نازارەت قىلىپ ئىجرا قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى رايونغا ئايرىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ، يېڭىدىن بەرپا قىلىنىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇشقا ۋە ئۇنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئاسراش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ، ئەتىۋارلىق، ئاز ئۇچرايدىغان ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىدە قالغان ھايۋاناتلارنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىشنى نازارەت قىلىدۇ، تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش پائالىيىتىنى نازارەت قىلىشقا، باشقۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاشقا قاتنىشىدۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزىدىغان زور ۋەقەلەرنى ۋە ماجىرالارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ، يېزا، كەنت ۋە بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانىدىكى مۇھىت ئاسراشقا دائىر مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدۇ؛ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئورگان پارتكومى

ئىدارە ئورگىنىنىڭ، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمىتى ۋە ئاممىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى (مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسى)

ئىدارە ئورگىنىنىڭ ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ۋە مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

## 4. خادىم شتاتى ۋە رەھبەر سانى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 53 (2 نەپەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خادىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە رەھبىرى 5 كىشى (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەر سانى 20 بولىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە ئايرىم 2 شتات بېرىلدى، ئۇنى سىياسىي باشقارما باشقۇرىدۇ.

## 5. كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئۇنىڭ شتاتى

1) ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلىدۇ، ئۇ مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 9 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ، رەھبەر سانى بىر بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات ئورنى ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ، ئەسلىدىكى 101 كەسپىي شتات قىسقارتىلىپ 91 شتات ساقلاپ قېلىنىدۇ، رەھبەر سانى 4 بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

3) ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىتنى ئۆلچەش، نازارەت قىلىش مەركىزى پونكىتى ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ، ئەسلىدىكى 110 كەسپىي شتات قىسقارتىلىپ 99 شتات ساقلاپ قېلىنىدۇ، رەھبەر سانى 4 بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونلۇق رادىئاكسىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ، ئەسلىدىكى 25 كەسپىي شتات قىسقارتىلىپ 23 شتات ساقلاپ قېلىنىدۇ. رەھبەر سانى 3 بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

5) ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقارمىسى ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ، ئەسلىدىكى 35 كەسپىي شتات قىسقارتىلىپ 23 شتات ساقلاپ قېلىنىدۇ، رەھبەر سانى 3 بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

6) ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلىدۇ، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك بولۇپ، 5 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ، رەھبەر سانى 2 بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

7) ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش تەشۋىق - تەربىيە مەركىزى قۇرۇلىدۇ، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك بولۇپ، 10 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ، رەھبەر سانى 2 بولىدۇ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

8) ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئۇچۇر مەركىزى قۇرۇلىدۇ، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك بولۇپ، 5 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ، رەھبەر سانى بىر بولۇپ، تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

9) ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق بۇلغاش ھەققى يىغىش ئىشخانىسىغا بېرىلگەن ئۆزى كىرىم قىلىپ ئۆزى چىقىم قىلىدىغان 5 شتات قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرغانلارنىڭ ئىسىملىكى

**(ش ھ تەيىنلەش 〔1996〕 32 ـ نومۇرلۇقتىن 49 ـ نومۇرلۇققىچە)**

يولداش سۇلتان جانبۇلاتوۋ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش باۋۇدۇن ئابلەي شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش مادى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش جۇاڭ ۋېنجۇي ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش غوپۇر ھاشىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش مەنسۇر ئابىل ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ليۇخۇا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش گى مىڭچى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش جۇ شيەنرۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش لى گېڭمىن ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ باش چارۋىچىلىق تېخنىكىلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش چېن باۋكۇي ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ئەن چۈەنتيەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش سابىر ئېلى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش نۇرمۇھەممەت دۆلەتى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش لى جۈن ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى شۆيۈەنى (شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يېتىشتۈرۈش مەركىزى) نىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ۋاڭ يېمىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش ئەكرەم ئاۋۇت شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ما جېجۈن شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش جاڭ فاڭلۇڭ شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش تاشپولات تېيىپ شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ۋۇ فۇخۇەن شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش پەن جىنزو شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش لى سېنلىن شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش مۇھەممەت يۈسۈپ قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش يىن يۈكشېڭ شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ساڭ خۇيشۇاڭ شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش لياڭ جېڭ ئۇرۇمچى چوڭلار مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش لى مىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش پېڭ سىكۇي تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش گوجىچىن شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتى لى خەنجۇڭ، ۋاڭ فۇخېڭ، جاۋ شيا، ۋاڭ چاڭچى، ۋاڭ يىمىن، فەن فاڭچى، ياقۇپ ناسىر، شى چىدۇ قاتارلىق 8 يولداشتىن تەركىب تاپىدۇ؛

يولداش لى خەنجۇڭ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ باش مۇدىرلىقى، باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ۋاڭ فۇخېڭ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش جاۋ شيا شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ياقۇپ ناسىر شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش فەن فاڭچى شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش بوغالتىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش شى چىدۇ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش ئىقتىسادچىسىغا تەيىنلەندى؛

يولداش دوڭ مېيخېڭ شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش بوغالتىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش جاڭ جۇڭشى شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

# «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»نىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ!

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مۇشتەرىلار!

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەر سىزلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ. 1996 - يىلى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» ژۇرنىلىغا قىزغىنلىق بىلەن مۇشتەرى بولۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتلەردىكى تۆھپىڭىزلەرگە قىزغىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرىپىدىن خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمان ۋە ھۆججەتلىرىنى ئۇچۇق - ئاشكارا تارقىتىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال بولۇپ، بۇنىڭغا گوۋۇيۈەن پەرمانلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پەرمانلىرى، قانۇن - نىزاملار، گوۋۇيۈەن بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ھۆججەت - قارارلىرى، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە، بازار ئىگىلىكىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر مۇھىم سىياسەت - ئۇچۇرلار بېسىلىدۇ. بۇ ژۇرنالدا «قانۇن - نىزاملار»، «گوۋۇيۈەن ھۆججەتلىرى»، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەتلىرى»، «تارماقلار نىزامى»، «تارماقلار خىزمىتى»، «تەجرىبە مۇنبىرى»، «كادىرلار خىزمىتى»، «ۋىلايەت - ئوبلاستلار ئۈچۈن مەخسۇس بەت»، «داڭلىق كارخانىلار»، «رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى»، «قىسقا خەۋەرلەر»، «كىچىك لۇغەت»، «سۈرەتلىك خەۋەر» قاتارلىق سەھىپىلەر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ئىدارە - ئورگانلارغا، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارغا، يەككە تىجارەتچى، سودا- سانائەتچىلەرگە، دېھقان - چارۋىچىلارغا سىياسەت جەھەتتە ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى دوستى بولالايدۇ.

بىز 1997 - يىلى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» ژۇرنىلىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇشتەرى بولۇش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىمەكچىمىز. ھازىردىن باشلاپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى باشلىدۇق، مۇشتەرىلارنىڭ ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى: 1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن يىل ئاخىرىغىچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە مۇشتەرى بولغۇچىلار بۇ يىل خەۋەرسىز قېلىپ، مۇشتەرى بولالمىسا، كېلەر يىلىنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

مۇشتەرى ھەققى ئۆلچىمى: ژۇرنىلىمىز ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدىغان ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، ھەر سانىنىڭ باھاسى (پوچتا ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 3.00 يۈەن، پۈتۈن يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن.

مۇشتەرى ھەققى پوچتا پېرېۋوتى ياكى بانكا پۇل پېرېۋوتى ئارقىلىق ئەۋەتىلسە بولىدۇ. بانكا پۇل پېرېۋوتى قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» تەھرىر بۆلۈمى (ھېساب ئاچقان بانكا: ئۈرۈمچى 37 - 985 بىرلەشمە كوپېراتىپ تىجارەت بۆلۈمى، ھېساب نومۇرى: 399 - 2011 گە ئەۋەتىش ھەمدە بانكا پېرېۋوت تالونىنىڭ كەينىگە «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»غا مۇشتەرى بولغانلىق تالونىنى قوشۇپ ئەۋەتىش كېرەك) پوچتا ئارقىلىق پۇل پېرېۋوت قىلغانلار ئادرېسنى ئېنىق يېزىشى، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» تەھرىر بۆلۈمىگە پېرېۋوت چېكى بىلەن مۇشتەرى بولۇش تالونىنى بىللە ئەۋەتىشى لازىم.

پوچتا نومۇرى: 830041.

تېلېفون نومۇرى: 2319585، 2819585 ئارقىلىق 23318، 23319 نى ئالسا بولىدۇ.

ئالاقىلەشكۈچى: مەنسۇر توختى، يەن پىڭ

1996 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تېيىڭ رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ماناس ناھىيىسى لوتۇيى بازىرىنىڭ كېۋەزلىكىنى كۆزدىن كۆچۈرمەكتە.





دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تېيىڭ رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا لوتۇيى بازىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈرمەكتە.

جاڭ جىخې فوتوسى


**شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى**
ئايلىق ژۇرنال
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن
نومۇرى — CN65−1172/D

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى نەشر قىلدى
شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
پوچتا نومۇرى 830041، تېلېفون 2819585 ئارقىلىق 23317ـ23320
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى